مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

# رۇبائىيات مەشائىل

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئاپتورنىڭ يېقىنقى سۈرىتى



مۇھەممەت ئوسمان ئەسرى

# رۇبائىيات مەشائىل

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本集子选入了作者近年以来所写的柔巴依。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **چىمەنگۈل ئاۋۇت**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رىزۋانگۈل ئابلەت**


## رۇبائىيات مەشئىل (رۇبائىيلار)

ئاپتورى: مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى
نەشرىيات: شنجاڭ خلق باش نشرياتى / قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون: 0998 — 2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 م م 32 / 1
باسما تاۋىقى: 4.625
نەشرى: 2014 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2014 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
باھاسى: 15.00 يۈەن



ئەمگەكتە بولدۇ چۆللەرمۇ بوستان،
بۇلبۇلغا ئاشيان بولۇر گۇلستان.
ھۇرۇنغا بىرلسە شاھانە ساراي،
پات پۇرسەت ئىچىدە بولۇر گۆرىستان.



## 1

ئامەتتۇر گوياكى ئۆركۆگەك كېيىك،
كەلگەندە چىڭ باغلا، پايدىلان تىرىك.
ناۋادا بوش تۇتساڭ، قاچسا كەلمەيدۇ،
قايتىدىن قىلمايدۇ بەختكە شېرىك.

## 2

تۇرمۇشتۇر گوياكى سېھىرلىك ئويۇن،
ئاپتاپتىن چىقىرار تۇرۇپلا قۇيۇن.
ھاياتنىڭ مىنۇتى گويا بىر جەڭگاھ،
ياشاشچۈن كۆرەش قىل ئەگمەستىن بويۇن.

## 3

ھاياتلىق كۆرستەر ساڭا كۆپ ئىشنى،
بىلەلمەي قالىسەن يىغلاش - كۈلۈشنى.
گاھىدا پۇتلىشىپ، گاھى دۈگجۈنۈپ،
تارتساڭمۇ رىيازەت كۈتمە ئۆلۈشنى.

## 4

ۋاقىتتۇر ئاتقان ئوق، قايتماس ئۆتكەن كۈن،
شۇ كۈندىن چىقارغىن مۇپەسسەل يەكۈن.
مەنىلىك ئۆتكۈزسەڭ ياشىدىم دېگىن،
مەنىسى بولمىسا ئۆزۈڭدىن ئۆكۈن.

## 5

خەتەردۇر كىشىگە يالغان كۈلگۈچى،
سىر بەرمە، هوشيار بول، بىللە يۈرگۈچى.
تۈلكىنىڭ كۈلگىنى باشلاشتۇر خىرىس،
ئالدانماس كۈلدى دەپ خۇينى بىلگۈچى.

## 6

هوقۇقتۇر خىسلەتلىك گويا يادا تاش،
قۇدرىتى زور بولغاچ ئەگدۈرىدۇ باش.
ناۋادا يادا تاش بولسا ئىنەكتە،
مۆڭدۈرۈپ قىلاتتى بۇقىغا هاپاش.

## 7

قىزىللا ئېچىلسا قىزىلگۈل ئەمەس،
گۈل بىلەن چېچەكنى پەرق ئەت، بىر ئەمەس.
باھاردا تىكەنمۇ چېچەكلەر قىزىل،
بىراق ئۇ سەن سۆيگەن قىزىلگۈل ئەمەس.

## 8

دۈشمەنىنىڭ كەينىڭدىن قىلسا مىڭ غەيۋەت،
ئىشىڭنى قىلىۋەر، كۆپرەك قىل دىققەت.
ئىت تولا قاۋىسا مەھەللە تىنچ،
ھوشياردىن ئوغرىلار تاپالماس پۇرسەت.

## 9

كىشىگە مۇلايىم، يۇمشاق سۆزلۈك بول،
قىلسىمۇ قوپاللىق ئاغرىتما كۆڭۈل.
ئارقاڭدىن تىللىسىمۇ سۈكۈت قىل سۈكۈت،
ياخشىلىق كىشىگە تېز بولۇر قوبۇل.

## 10

بىر ـ بىرلەپ بۇ كۆڭلەر ئۆتۈپ تۇرىدۇ،
ھاياتنى ماماتلىق كۆتۈپ تۇرىدۇ.
گەر دېسەڭ ئالەمنى گويا بىر دېڭىز،
چوڭ بېلىق كىچىكنى يۇتۇپ تۇرىدۇ.

## 11

يامانلىق بىردەملىك، ياخشىلىقتۇر تەس،
پەزىلەت بولمىسا باسار سېنى نەس.
پەخەس بول، شۇنداقمۇ ئىنسانلار باركى،
تىل بىلەن دىللىرى زىنھار بىر ئەمەس.

## 12

تۇرمۇشتۇر سەرسان قۇش، ئۇچار ئېگىز ـ پەس،
گاھىدا شاد ـ خۇرام، گاھى كۆڭلى تەس.
راھەت كۆر ۋە ياكى مۇشەققەت تارتقىن،
ئۆتكۈنچى دەپ بىلگىن، مەڭگۈلۈك ئەمەس.

## 13

كۆپ سورا مەسلىھەت، بىلگىنىڭنى قىل،
ئويلىنىپ سۆزلىگىن، دېگىنىڭنى قىل.
ئىشىڭدا پايدا كۆر ۋە ياكى زىيان،
كۆرمىگىن كىشىدىن، ئۆزۈڭ بول كېپىل.

## 14

دېمىگىن دېھقاننى بىلىمسىز نادان،
بىلگەچكە ئالىدۇ شور - قاقاستىن دان.
ئولتۇرۇپ «ئاق ئۆي» دە يەر تېرىمىسا،
نېمە يەپ ياشايدۇ، سەن - بىزدەك تادان.

## 15

قوغۇنغا تاۋۇزدىن تېرىساڭ يانداش،
بىلگىنكى، سۈيىمىسى چۈشمەيدۇ ئوخشاش.
غەيرىينى ئۆز كۆرۈپ مىڭ ئىشەنسەڭمۇ،
يات ساڭا ھېچقاچان بولماس قېرىنداش.

## 16 — 17

قىلماقچى بولساڭ باغ دەسلەپتە چىت ئەت،
ھېچ يوچۇق قالدۇرما، پايلىسۇن ئەبەد.
شورىسى كۆپ بولسا ئوغرى كۆپ ئالۇر،
مول ھوسۇل بەرسىمۇ قىلماس بەرىكەت.

## 18

مەدھىيەلەپ ئۇچۇرغان ياخشى دوست ئەمەس،
قانچە كۆپ ماختىسا، شۇنچە بول پەخەس.
سۆزلەر دوست ئاغرىتىپ، دۈشمىنىڭ ماختاپ،
مەغرۇرلۇق كىشىنى باستۇرىدۇ نەس.

## 19

ياشلىقتا بىر كۈننى ئويناپ ئۆتكۈزسەڭ،
تولدۇرۇپ ئىلىشقا يېتەرلىك ئەتەڭ.
ياشانغان چاغدىكى ئەھمىيەتسىز كۈن،
ئەجەلدىن بۇرۇنراق ئۆلگەن بىلەن تەڭ.

## 20

خورلۇقتىن ئىزدىمە زىنھار خوۋلۇقنى،
خوۋلۇقچۇن بەزەنلەر قىلار شۇملۇقنى.
خۇشامەت ئىلكىدە ياداپ كەتكەندىن،
كەلگەننى كۆرگەن خوپ، تارتماي خورلۇقنى.

## 21

مەي ئىچمە، ئىچسەڭمۇ كۆڭلۈك ئىچىلار،
تۆگىمەس سۆھبەتكە سۆزلۈك ئىچىلار.
بىراق، سەن مەست بولۇپ دەلدەڭشىپ يۈرسەڭ،
ئىناۋەت تۆكۈلۈپ يەرگە چىچىلار.

## 22

ھەركىمنىڭ قولىدا تولا بولسا پۇل،
نەچچە مىڭ گەز بولۇپ ئۆزىرىدۇ قول.
مەنزىلى مۈرەككەپ، بولسىمۇ يىراق،
قول ئۇزۇن بولغاچقا، قىسقىرىدۇ يول.

## 23

ئاردىن بىرەرسى يازسا بىر كىتاب،
ھەسەتتىن نەچچىسى بولىدۇ بىتاپ.
قولۇڭدىن گەر كەلسە سەنمۇ قىلىپ كۆر،
قان يۇتۇپ كەينىدىن قىلغۇچە ئىتاب.

## 24

ئەزەلدىن ھەسەتخور يارالسا كىشى،
يارىماس ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئىشى.
«قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقۇر»،
دوست كۆلسە ئاقىدۇ دۈشمەننىڭ يېشى.

## 25

ئاقىل ياش بولسىمۇ، قىلىقى قېرى،
بىلەمسەن، يۇمشاقلىق ئۇنىڭ تەدبىرى.
مېۋىمۇ يۇمشىسا بولىدۇ شېرىن،
قاتتىقى تەمسىزدۇر، تاشلىنۇر نېرى.

## 26

دۈشمەنگە نىسبەتەن دوستۇڭ خەتەرلىك،
بولغاچقا مەخپىيەت ـ سىردىن خەۋەرلىك.
ناۋادا بىر كۈنى پېيىڭگە چۈشسە،
مىڭ دۈشمەن ئورنىدا بىرسى يېتەرلىك.

## 27

قۇياشنىڭ نۇرىنى توسسىمۇ تۇمان،
يەنىلا يورۇتۇر جاھاننى ھامان.
بىلىمدۇر گوياكى ئولتۇرماس قۇياش،
گۈللىگەن ئۈنىڭسىز قايسى بىر زامان.

## 28

ئىش قىلساڭ قويمىغىن يوچۇق ۋە ئاراچ،
شۇنىڭدا دۈشمىنىڭ قىلالمايدۇ پاش.
باشقىلار كەينىڭدىن قىلسا شىكايەت،
بىلمەس بول، بولمىغىن غەيۋەتكە ئاداش.

## 29

پۇل قىلۇر كىشىنى ئوغرى ۋە قاتىل،
ئاجىزنى كۆرسىتۇر كىشىگە قابىل.
تووۋا دەپ ياقاڭنى قالىسەن چىشلەپ،
بەزىلەر پۇل ئۈچۈن ناھەق ۋە باتىل.

## 30

ئەمەلدۇر خۇش پۇراق رەنا قىزىلگۈل،
بولىدۇ تەمەخور ئىشقىدا بۇلبۇل.
ئول رەنا مۇناسىپ ئىقتىدارلىققا،
كېرەكسىز مىنەلمەس بەرسىمۇ دۇلدۇل.

## 31

قولۇڭغا گەر تەگسە زىغىردەك ھوقۇق،
قوناقتەك چوڭ بىلىپ ئىشلەتكىن تولۇق،
ھاجەتسىز تەمتىرەپ قورقۇپ يۈرۈشۈڭ،
ئۆزۈڭ پاك، ئىشلىرىڭ بولسىلا يوللۇق.

## 32

بىلىمدىن مەنسەپنىڭ مېھرى باشقىچە،
ئەمەلنىڭ ھۆرمىتى ئاتمىش ياشقىچە.
ئىلمنى ھوقۇقتىن كۆرسىمۇ تۆۋەن،
ساقلىنۇر شۆھرىتى تۇمەن ياشقىچە.

## 33

تىلىڭنى تىزگىنلە ئەي سۆزمەن كىشى،
ئېغىزنى چىڭ تۇتۇش ئاقلىنىڭ ئىشى.
تارىختا كۆپلىگەن ئۇلۇغۋارلارنىڭ —
سۇخەنچى دەستىدىن كېسىلگەن بېشى.

## 34

ياشلىق ۋە گۈزەللىك مەڭگۈلۈك ئەمەس.
تۇغۇلۇپ قېرىماق ھەم ئاسان ئەمەس.
بىر ئاق چاچ ئۈستىدە كۆرمىڭ ئۆتمۈش بار،
بۇ سىرنى يەشمەكلىك بىلمىگەنگە تەس.

## 35

جاھاندۇر گويا كى ئاتەشگاھ — ئوچاق،
كۆيدۈرۈپ ئۆتىدۇ قالدۇرۇپ پىراق.
سەمەندەر بولمىسا ئوتتىن تۆرەلگەن،
كۆيمەيمەن دېگەنلەر ئەقلىدىن يىراق.

## 36

قەلەمكەش خەلقىنىڭ بەلگە — ئەلىمى،
قالدۇرار نام - نىشان ئۆزىنىڭ قەلىمى.
يازمىسا، بىلمىسە، مەۋجۇت ئاتالماس،
بولسىمۇ تارىخى ئۇزاق، قەدىمىي.

## 37

كىتابتۇر ئەجدادنىڭ سۆزلىگەن سۆزى،
كۆرگىنى، بىلگىنى، دەسسىگەن ئىزى.
كىتابى بولمىغان، تارىخ بىلمىگەن —
مىللەتنىڭ بولمايدۇ سورۇندا يۈزى.

## 38

تارىخچى قۇياشتەك تىك كۆرۈش كېرەك،
كۈنگەيمۇ، تەسكەيمۇ تەڭ يورۇش كېرەك.
دوست بولسۇن يا دۈشمەن، بۇرمىلىماستىن،
يازغىنى ئىسپاتلىق، راست بولۇش كېرەك.

## 39

ئەسلىنى بىلمىسەڭ جېدەللەشمەي قوي،
گەر بىلسەڭ ئىسپاتلا، تۈتقۇزمىغىن بوي.
ناۋادا ئۆتكۈزسەڭ بىرەر سەۋەنلىك،
بېشىڭغا چىقىدۇ شەخسىي غەرەز - ئوي.

## 40

غەيۋىتى كۆپ بولۇر تونۇلسا كىشى،
چۈنكى ئۇ قوزغىغان تەسىرنىڭ ئىشى.
ئاپتاپنى نەۋباھار سېغىنغان بىلەن،
زىمىستان كۆرسىلا ئاغرىيدۇ بېشى.

## 41

بالىنىڭ ئەسكىسىنى ساتقىلى بولماس،
تاپاي دەپ ياخشىنى تاپقىلى بولماس.
سۆزۈڭگە كىرمەستىن يۈزنى تۆكسىمۇ،
قان يۇتماي نە ئىلاج، تانغىلى بولماس.

## 42

پەرزەنتكە كۆيۈنسەڭ قاتتىق سىقىپ تۇت،
گەپ ئاڭلاپ چوڭ بولسا تاپار ئىشى قۇت.
بوش تۇتساڭ چوڭ بولسا سىڭمەس ياخشى سۆز،
بەتخۇي قىلىقى بىلەن بولىدۇ نابۇت.

## 43

پەرزەنتنى ئوغۇل ۋە قىز دېمەي چىڭ تۇت،
تۇرمۇشنى ئادىدىي قىل، ئوبدانراق ئوقۇت.
ئىشقا سال، چېنىقسۇن، ئەركىلەتمەستىن،
قىپ قويما ياسانچۇق، كۈلگۈنچەك مەبۇد.

## 44

دۇنيانىڭ سىھرىمۇ مۇرەككەپلىكتە،
گۈللىنىش — خىلمۇخىل زىددىيەتلىكتە.
بولمىسا نادان، ئاقىل ئەخمەق ھەم قارام،
تەرەققىي تاپمايدۇ ھامان تېزلىكتە.

## 45

كىشىگە تەشەببۇس قىل بىلىم ۋە ئەدەپ،
ئۇنىڭدىن يېتىدۇ ھەرقاچاندا نەپ.
ئىشەنمە مۈلكۈڭگە بولمايدۇ ھەمراھ،
ئەقلىي بايلىقىڭ تۈگىمەيدۇ زەپ.

## 46

تېرىككەك كىشىگە قىلمىغىن چاقچاق،
چاقچاقتىن تېرىكسە چىقىدۇ جاق - جاق.
ھەزىلنى ئويلاپ قىل، خەقنى كەمسىتمە،
كۈتمىگەن ئىش چىقىپ تويدۇرمىسۇن جاق.

## 47

چاقچاقنى قىلساڭ قىل، تونۇشساڭ بۇرۇن،
ئورۇنسىز چىقىشما، تاللىغىن سورۇن.
سەن چاقچاق قىلغۇچى بولسۇن دېمەتلىك،
ئۆز سۆزۈڭ قاڭقىپ كېپ يارمىسۇن بۇرۇن.

## 48

بەختتۇر كىشىگە كۆڭلى توق بولسا،
غورىگىل ئۆتسمۇ قەرزى يوق بولسا.
غەم - ئەندىش ئىچىدۇ يۈرەك قېنىنى،
تۇغقانمۇ ياتلىشار پۇلى يوق بولسا.

## 49

ئەخمەقلەر هاراقنى ئىچەر بەسلىشىپ،
ئوخشايدۇ ساراڭغا خۇيى سەتلىشىپ.
ئەسكىنىڭ خۇي - پەيلى گويا بىر ئېشەك،
هالۋىنى ياراتماس، سامان ئەسلىشىپ.

## 50

كەم سۆزلە، دىققەت قىل دېگەن گەپ ـ سۆزگە،
ھەزىلنى كۆپ قىلسا خەق ئىلماس كۆزگە.
چاقچاقتا چوڭ ـ كىچىك باراۋەر تۇرۇر،
چوڭلىرى ئۇششاقنى ياندۇرار ئۆزگە.

## 51

تەپەككۇر بەئەينى پارقىراق پولات،
ئىشلەتسە تۆمۈرگە چىقىرار قانات.
ھەركىمكى ھاراقتا بۇلغىنىپ كەتسە،
كۆمۈلگەن چويۇندەك باسار ئۇنى دات.

## 52

ھەر زامان بىلىملىك ناداندىن بۈيۈك،
بىلىمسىز ئىنسانلار بولۇر ھەر تۈرلۈك.
قولىدىن كەلمىسە ياخشى ـ يامانلىق،
دېسمۇ «بىز تىرىك»، لېكىن ئۇ ئۆلۈك.

## 53

ئەسكىنى يولاتما، بولمىغىن مۇڭداش،
سۆزۈڭگە كىرسىلا دېمىگىن ياۋاش.
ئالدىراپ كىشىگە ئىشىنىپ كېتىش —
ئۆزىنىڭ پۇتىغا تىكەننى قاداش.

## 54

ھەق بىلەن ناھەقتۇر ئىككى مۇبارىز،
چېلىشار بىر - بىرىنى قىلىشچۇن ئاجىز.
ھەقىقەت ھامىنى ئۈستۈن تۇرسىمۇ،
پۇل كۆرسە ناھەقمۇ كۆرسىتەر مۆجىز.

## 55

ياخشى نام گوياكى نەپىس گۈللۈك تون،
تەڭ كەلمەس جەندىدىن بولسا نەچچە ئون.
ھېرىسمەن بولغۇچى شۇ گۈزەل تونغا،
ئۆتكۈزگەي مەنىلىك ئۆمرىنى پۈتۈن.

## 56

كىشى مۇلايىم، بولسا كەڭ قورساق،
كۆڭلى ئازادە، تېنى بولۇر ساق.
ئىچى تار، كۆرەلمەس بولسا ھەر كىشى،
ئۆزىنى ئۆزى يەپ، كۈن كۆرمەس ئۇزاق.

## 57

مېۋىلىك دەرەخلەر باش ئېگىپ تۇرار،
نەپ بەرگەچ باغلاردا ئاسرىلىپ تۇرار.
سەرۋىلەر كىبىردىن تىك تۇرغان بىلەن،
ھەرىنىڭ چىشلىرى باغرىنى تىلار.

## 58

سىرىڭنى چىڭ ساقلا، كىشى بىلمىسۇن،
تىلىڭدىن ئۆزۈڭگە زەرەر يەتمىسۇن.
ئاشكارا قىلىنىپ مەخپىي ئىشلىرىڭ،
دۈشمىنىڭ خۇشلۇقتا يايراپ - كۈلمىسۇن.

## 59

بولمىغىن كۆيدۇم دەپ بالاڭغا مالاي،
كۆيگەننى مەخپىي تۇت، ئاچمىغىن چىراي.
ئەتىۋار چوڭ قىلساڭ ئۇ ھايۋان چىقۇر،
نەسىھەت ئاڭلىماس قىلساڭ مىڭ تالاي.

## 60

بەزىلەر كىشىگە باش ئاغرىقىدۇر،
نەسلى بىر بولسىمۇ، ئەمما پەرقى بار.
بەزىلەر باسقان ئىز كۆزگە تۇتىيا،
ئادەملەر ئاشۇنداق خار ھەم ئەتىۋار.

## 61

چوڭلارنىڭ سۆزىگە قوشۇق سالمىغىن،
سورىسا جاۋاب بەر، قىسقا سۆزلىگىن.
كىشىلەر ئۆزئارا تۇرغاننى كۆرسەڭ،
نېرى كەت، يېنىغا يېقىن بارمىغىن.

## 62

كەمستمە چوڭلارنى، بىلەر كۆپ ئىشنى،
ئۆتكۈزگەچ بىشىدىن كۆپ كەچۈرمىشنى.
ياشلىق چاغ گوياكى يالقۇنلىغان چوغ،
يانسىمۇ بىلمەيدۇ قانداق ئۆچۈشنى.

## 63

ئەمەلدار تەكەببۇر، بولسا ئىچى تار،
ئاغرىتۇر كۆڭۈلنى، قاچار خىزمەتكار.
بولسا ئۇ خەلقچىل، مۇلايىم سۆزلۈك،
خىزمىتى يۈرۈشۈپ، ئىشى قۇت تاپار.

## 64

خۇراپات بىر داغدۇر، ئاسان يوقالماس،
گىرىپتار بولغاننى قىلۇر يارىماس.
زامانغا ئەگىشىپ ئىلگىرىلىمىسەڭ،
قىلىسەن پۇشايمان، بەخت قارىماس.

**65**

ئەمگەكتە بولىدۇ چۆللەرمۇ بوستان،
بۇلبۇلغا ئاشىيان بولۇر گۇلىستان.
ھۇرۇنغا بىرىلسە شاھانە ساراي،
پات پۇرسەت ئىچىدە بولۇر گۆرىستان.

**66**

ھاراقكەش، بەڭگىگە دوست بولما دوراپ،
ئالىدۇ، بەرمەيدۇ تولا پۇل سوراپ.
ئون ئادەم پۇل تېپىپ، بىر ئادەم بۇزسا،
تۈگىتەر ھەممىنى پاك - پاكىز شوراپ.

**67**

خار كۆرمە كىشىنى بوزەكتىن كۆرۈپ،
چاغلىما ئۆزۈڭنى كەتكەن كۈچلىنىپ.
قارا كۈچ كۈچ ئەمەس، ئەقلىنى كۈچ بىل،
بىلىمسىز كىشىلەر ئۆتەر ئۇھسىنىپ.

## 68

هەر كۈننى قەدىرلەپ، پايدىلان ئاداش،
يۈز يىللىق ئۆمۈرنى ئاڭلاشقا ئۇزۇن.
ئۇيقۇدا ئۆتكەن چاغ ئۆلۈم بىلەن تەڭ،
ئەللىك يىل كۈندۈزدۇر، ئەللىك يىلى تۈن.

## 69

ئۇيقۇدۇر ئۆلۈمدىن كەلگەن قاراۋۇل،
كۆپ ئۇيقۇ ئۆلۈمگە بالدۇر قىلۇر قول.
ھۇرۇنلۇق، مەينەتچىلىك قىلۇر كېرەكسىز،
ئىش قىلىش خۇشياقماس، بولسىمۇ قاۋۇل.

## 70

ھاۋايى - ھەۋەسكە بولۇپ قالما قول،
نەپسىڭگە بېرىلىپ بۇزۇپ - چاچما پۇل.
تېجەشلىك ياشساڭ بەركىتى بولۇر،
ھاۋايى - ھەۋەسكە قالدۇرمىغىن يول.

## 71

ھەققانىي كىشىلەر پۇلغا كۆز سالماس،
پۇل ئۇچۇن كىشىگە ئاسان ئالدانماس.
نەپسىگە بېرىلگەن ھەرقانداق كىشى —
ياخشىلار قۇرىدىن ئورۇن ئالالماس.

## 72

ئەقىللىك كىشىگە ياراشماس ھاراق،
ھاراقكەش بار جايدىن تۇرغىن سەن يىراق.
ئۇشتۇمتۇت مەستلىكتە تىنىقتىن قالساڭ،
تىرىلىپ ئەسلىڭگە كەلمەيسەن بىراق.

## 73

ئوغۇلدۇر ئىزباسار، ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكى،
يوغىنار ھاراقنى ئىچسە يۈرىكى.
ئادەتكە ئايلانسا لاغايلاپ يۈرۈش،
ھەسرەتتە گۆم بولۇر ئاتا تىلىكى.

## 74

ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلىمە ئۇدۇل،
قوپال سۆز ھەر زامان بولمايدۇ قوبۇل.
مىسال بار: «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتەر،
يامان سۆز رەنجىتىپ، ئاغرىتۇر كۆڭۈل».

## 75

مىللەت دەپ ئاتالماس تىلى بولمىسا،
ئۆزگىچە خۇي - پەيلى، ئېتى بولمىسا.
ئەجدادى قەدىمدىن باسقان ئىزلاردىن —
قولىدا قالدۇرغان خېتى بولمىسا.

## 76

يوقسۇزلۇق تارتساڭمۇ بالاڭنى ئوقۇت،
كۆرگەن ۋە بىلگەننى خاتىرەڭگە پۈت.
ئۆلگەندە مىراسقا دەپتىرىڭ قالسا،
شۇنىڭدا ئەۋلادىڭ قالماس نائۈمىد.

## 77

قەبرىگە قادالسىمۇ ھەتتا تۇغ ـ تاياق،
تەدرىجىي ھېچ كىشى باسمايدۇ ئاياق.
تىرىك ۋاقتىڭدا قالدۇرمىساڭ ئىز،
ئەۋلىيا بولساڭمۇ قالماس نام ـ ئاتاق.

## 78

بۇ دۇنيا ئىنسانغا رەڭدار بىر ئۆتەڭ،
كېلىدۇ ـ كېتىدۇ، تۇرالمايدۇ تەڭ.
بەختىڭنى سەپەردىن ئىزدىمەك بولساڭ،
جاپالار ئۈستىدىن قورقماي قىلغىن جەڭ.

## 79

كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپ، يازماي كەتكۈچى ،
بەئەينى پۇل تېپىپ كۆمۈۋەتكەن باي.
ئۆمرىدە ھېسابسىز مال ـ دۇنيا تېپىپ،
كەتكەندەك شەپىسىز مىراس قالدۇرماي.

## 80

ئەسەرنىڭ يوقلۇقتىن بار بولغىنى خوپ،
خەۋەردار بولغۇسى بىلگەنلەر ئوقۇپ.
بىزلەردە ئەڭ يامان بىر ئادەت باركى،
چىقسا بىر قەلەمكەش قاسايمىز چوقۇپ.

## 81

ئانىدا ئۆلگۈچە بالىنىڭ غېمى،
قۇرۇماس قايغۇدا كۆزىنىڭ نېمى.
ئەزىزلەپ سۈت بېرىپ باققان ئانىغا —
قوپاللىق قىلىدۇ بەزىلەر تېخى.

## 82

بىلىمسىز كىشىگە چۈشەندۈرمەك تەس،
بولغاچقا كۆڭلىدە باشقىچە ھەۋەس.
نادانغا ئەگىشىپ تۇتساڭ ئۇنى دوست،
باستۇرار ئىشىڭنىڭ راۋاجىنى نەس.

## 83

جاھىلدۇر تالاشقاق قوْلاق موللىسى،
ئاڭلىما سۆزىنى گەپنىڭ توغرىسى.
ئىشەكلەر بىلمەستىن بوغۇز ھېس قىلىپ،
يالايدۇ، بولسىمۇ قۇرۇق توۋرىسى.

## 84

دوستۇڭنىڭ مىجەزى بولسا قالپاقچى،
ھوشيار بول، بولمىسۇن ساڭا قىلتاقچى.
بىر جىنس ئىچىدىن چىقمايدۇ جان دوست،
بار دېسەڭ، ئۇ جەزمەن پايدا تاپماقچى.

## 85

دىققەت قىل چېقىمچى، يالغان ياۋاشتىن،
نۇقسانىنى ئىزدەيدۇ قىلىنغان ئىشتىن.
ئىشەنمە دوستۇم دەپ مۇرەڭنى قاقسا،
كۆشكۈرتسە يانمايدۇ پىچاق سىلىشتىن.

## 86

بىلىملىك بىلسىمۇ ئىشىنىڭ سىرىنى،
سۆزلىمەس بىلدىم دەپ مىڭدىن بىرىنى.
«گۆشنىمۇ كۆپ يېسە چامغۇر تېتىيدۇ»،
تەملىكتۇر ئاز يېسە ئەتلىك يېرىنى.

## 87

قانۇندۇر مۇقەددەس، ئۇنى ئۇلۇغ بىل،
توسقاننى قىلمىغىن، قىل دېگەننى قىل.
خاتانى چوڭ - كىچىك دېگىلى بولماس،
گاھىدا چۇمۇلە ئۆلتۈرىدۇ پىل.

## 88

ئۆمۈردۇر ئالدىراش، كېتەر تۇرماستىن،
چىڭ تۇتۇپ ئىشلەتكىن بىكار قويماستىن.
ئالەمنى سۇ دېسەك، ئادەمدۇر غەۋۋاس،
سەكرىگەن دۇر سۈزەر سۇدىن قورقماستىن.

## 89

ناۋادا ھەركىشى قورقسا قېرىشتىن،
كەسىپ قىلغاي ئۆزىگە ياققان بىر ئىشتىن.
مەنىلىك ئۆتكۈزگەن بىر كۈنلۈك ئۆمۈر —
ئۇزاقتۇر تۈمەن مىڭ بىكار ياز - قىشتىن.

## 90

تەكەببۇر كىشىلەر دەيدۇ مېنىڭ راست،
دېگىنى تۇترۇقسىز، بولسىمۇ قىياس.
بىلسەڭمۇ كىشىدىن تالاشمىغىن سۆز،
تولا گەپ كىشىگە تۇيىلار قاۋاش.

## 91

بۇ دۇنيا رەھىمسىز، جاپالەت قىلۇر،
جەبرىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى سالۇر.
بىر ئۆمۈر ئېرىشكەن ھوقۇق — ئامىتىڭ،
ئۆلگەندە ئەسقاتماس، ھەممىسى قالۇر.

## 92

پۇلدارلار بەسلىشىپ بىنا سالىدۇ،
قەدىناسىنى ھەيدەپ، ياشنى ئالىدۇ.
بىر كۈنى ياتىدۇ مۇتتەھەم بولۇپ،
بايلىقى كېيىنكى ئەرگە قالىدۇ.

## 93

بولمىغىن بىخەستە، يوق دەپ گۇناھىم،
كىشىگە گەپ - سۆزدە بولغىن مۇلايىم.
كىم يوغان گەپ قىلسا شۇنىڭ قېشىغا —
ئىلدامراق كېلىدۇ ناھەق ئىش دائىم.

## 94

ھەسەتتىن قىزارسا بىراۋنىڭ كۆزى،
كەينىڭدىن ئاۋۇيدۇ ئىغۋا گەپ - سۆزى.
ھەيرانمەن بۇ ئالەم شۇنداق رەزىلكەن،
بىلگەننى تىللايدۇ، بىلەلمەي ئۆزى.

## 95

تەكەببۇر كەمستىسە سېنى كۆزگە ئىلماي،
ئۆتۈپ كەت ئۇنىڭغا قارشى سۆز قىلماي.
«بىلمەيسەن» دېگەننى شۇنداق قىلغىنكى،
ھەسەتتىن قان يۇتۇپ قالسۇن تۇرالماي.

## 96

كىشىدىن زارلىنىپ پەس كۆردى دېمەي،
بىلىمدە تونۇلغىن سەنمۇ بوش كەلمەي.
كىشىگە نېمەڭدە تەڭلىشەلەيسەن،
قولۇڭدىن تۆزۈكرەك بىرەر ئىش كەلمەي.

## 97

ئۆزۈڭنى خوپ دەيسەن، باشقىنى ئۇسال،
تاپماقچى بولىسەن كىشىدىن كاشال.
ئۆزىنى ماختاشتىن چوڭ نومۇس ئىش يوق،
تەكەببۇر تاپالماس ياخشىدىن ۋىسال.

## 98

بۇزۇلسا تۈزۈلۇر ئەسكى زەيكەش يەر،
ۋە لېكىن تۈزەلمەس تېگى پەسكەش ئەر.
قىلسىمۇ ئۇنىڭغا تۈمەن مىڭ ئەجىر،
سىڭمەستىن ھەممىسى بىكارغا كېتەر.

## 99

كۆڭۈلگە ئەگىشىپ بولمىغىن ئەخمەق،
كۆيدۈممەن دېگەننى كۆپرەك سىناپ باق.
تويلۇقنى سالغاندا بىلىپ قالىسەن،
پۇل يوققا مەشۇق يوق، ھەممىسى قىلتاق.

## 100

پۇل بولسا سېسىق تاز كۆرۈنۇر قالتىس،
كەيىندىن ئەگىشەر نازىنىن بېلقىس.
قولۇڭدا پۇل تۈگەپ بولساڭمۇ مەجنۇن،
لەيلىگە يارىماي بولىسەن تىل قىس.

## 101

سۆگەكلەر يەتمسە، ئىتلار تالىشۇر،
تېپىلسا يېتەرلىك ئاسان يارىشۇر.
كەيىندىن قاۋاشسا ئۆچمىكىن دېمە،
چېقىلساڭ بىرسىگە، بەرى قاۋىشۇر.

## 102

ئىتلارنىڭ ئالدىدا مۈشۈك بىچارە،
تاقابىل تۇرۇشقا ئاڭا نە چارە.
مۈشۈك ئىت يۈزىگە گەر ئۇرسمۇ پەنج،
ھامىنى ئىت قىلۇر مۈشۈكنى پارە.

## 103

ئىتتىپاق ئۆتمەكلىك تېپىشتۇر قۇدرەت،
بۆلۈنۈش - پارچىلاش سۇندۇرار ھەيۋەت.
مىسال بار «ئايرىلغان قوينى بۆرە يەر»،
ئۇرنىغا كەلمەيدۇ چەكسىمۇ ھەسرەت.

## 104

بىلىمدۇر ئەقىلنى تونۇشتۇرغۇچى،
مەرىپەت ئەھلىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى.
نادانلىق گوياكى قاراڭغۇ زۇلمەت،
پەرق ئەتمەي بىر - بىرىگە سوقۇشتۇرغۇچى.

## 105

ھوقۇقتۇر ئالغۇر قۇش قۇشلىسا ئالۇر،
ئۆزىنى تويدۇرۇپ، ئىگىسىنى باقۇر.
قۇشلاشنى بىلمىسە ئۇنىڭ باخشىسى،
بۇركۇتى يىرىم جان، ئۆزى ئاچ قالۇر.

## 106

يالغان سۆز راست بولۇپ ئۇزاق بارمايدۇ،
ئاشكارا بولسىلا يۈزنى قويمايدۇ.
مىسال بار: «كوزىمۇ ھەر كۈنى سۇنماس»،
سۇنغاندا دەسستىپ قويسا تۇرمايدۇ.

## 107

ئۆزۈڭگە ئادەت قىل بولۇشنى راستچىل،
ئالدىراپ دېمىگىن، دېسەڭ ئۇنى قىل.
راست سۆزدىن ئارتۇقراق يەنە ئابرۇي يوق،
گېپىدە تۇرغانلار بولمايدۇ خىجىل.

## 108

بىراۋنى قىلماقچى بولغاندا قايىل،
ئۇنىڭغا نىسبەتەن بولغىن سەن ئادىل.
ئوبدان تەرىپىنى كۆپرەك سۆزلىگىن،
ياخشى گەپ ئۆزگەرتەر بولسىمۇ جاھىل.

## 109

سەمىمىي بولغىنىسەن تونۇشلار ئارا،
سىر بەرمە پەقەتلا، قىلغىن مادارا.
سۆزلىسە ئاڭلىغىن، باش لىڭشىتمىغىن،
غەيۋەتكە قوشۇلۇپ دېمە ئاق - قارا.

## 110

كۆپ سۆزدۇر گوياكى تۆكۈلگەن سۇياغ،
ئون ھەسسە كېڭىيەر تامغان تامچە ياغ.
ئاز سۆزلە، سۆزۈڭگە يالغان قوشۇلۇپ،
دۈشمىنىڭ يورۇتۇپ يۈرمىسۇن چىراغ.

## 111

«كۈندۈزى يول يۈرگەن يىلان ئۆلۈر پات»،
بۇ تەمسىل: سەن ـ بىزگە ئاددىي بىر ساۋات.
يولۇڭنى دۈشمىنىڭ توسۇپ تۇرمىسۇن،
بارغان يولنى تاشلاپ باشقا يولدا قايت.

## 112

كېچىسى كوچىدا يالغۇز يول يۈرۈش،
ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۆزى تىغ ئۇرۇش.
ئەتىسى سەن ئۈچۈن گۇۋاھچى چىقماس،
ئۇرسىمۇ يولۇڭدا بىرەر كىسپۇرۇش.

## 113

كىشىنى سىنىغىن دېگەن گېپىدىن،
بىلگىلى بولمايدۇ چىراي - يۈزىدىن.
ۋەدىنى ئۈنتۇسا ياكى قىلمىسا،
دوستلۇققا يارىماس يوقاتقىن كۆزدىن.

## 114

ساراڭدىن ئەقىل - ھوش بولغاچقا يىراق،
غەم يېمەي ئۆمرى بولىدۇ ئۇزاق.
ساق كىشى قاراشتا ساغلام تۇرسىمۇ،
دەرد - ئەلەم قىسقارتار ئۆمرىنى بىراق.

## 115

ئادەملەر يولۇچى، ئالەمدۇر ئۆتەڭ،
مەنزىلدە بولىمىز چوڭ - كىچىكلەر تەڭ.
شۇنچىلىك جاھاندا ئىتتىپاق ئۆتكىن،
خەق بىلەن ئۆچلەشمەي، تۇت قورساقنى كەڭ.

## 116

كىشىنى ئەيىبلەپ دېمە يوغان گەپ،
ساڭمۇ كەلمىسۇن ئەتە ھەسسىلەپ.
«تۇتۇنىنىڭ دەردىنى مورا بىلىدۇ»،
چۈشەنگىن ھەر ئىشتا بولۇر بىر سەۋەب.

## 117

ئەسكىنى ئۆز بىلىپ بولما ھەمسۆھبەت،
چاندۇرما، بولسىمۇ كۆڭلۈڭدە نەپرەت.
ئەسكىنىڭ قاياشى ئەسكى بولىدۇ،
قىلمىسۇن يول توسۇپ ساڭا ئاھانەت.

## 118

مەلۇمكى، ئادەمنىڭ چوڭ بولمىقى تەس،
قىلىدۇ مەنمەنلىك، بايلىققا ھەۋەس.
تۆت كۈنلۈك ئازغىنا قىسقا ئۆمۈردە،
كىشىنى ئەيىبلەپ يۈرگۈلۈك ئەمەس.

## 119

قىلمىغىن ياخشىلىق قىلسا بىلمەسكە،
كۆرسەتمۇ قارىما سىلىپ كۆرمەسكە.
يانتاقتىن چۈشمەيدۇ ھېچقاچان مېۋە،
ياخشىلىق كار قىلماس نائەھلى - پەسكە.

## 120

نەۋرىنى بەتقىلىق قىلار مومىسى،
پۇل بېرىپ ئىسراپخور قىلار بوۋىسى.
چوڭ بولسا شۇنداق بىر ئەسكى چىققۇركى،
قان يۇتار ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى.

## 121

ھەۋەسنى كەلتۈرەر دېھقان بالىسى،
سالغاچقا ئەمگەككە ئاتا - ئانىسى.
بىلگەچكە ئاش - نانىنىڭ كېلىش قەدرىنى،
شۇڭلاشقا تېجەشلىك، يوقتۇر قارىسى.

## 122

ئاز ـ تولا پۇلۇڭدىن بولمىغىن مەغرۇر،
پۇل دېگەن تۇرمايدۇ تۇتساڭمۇ مەجبۇر.
كىشىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ —
گۇناھى بولسىمۇ بولىدۇ مەغرۇر.

## 123

ھەركىمكى سىيلىسا يوقسىز بېشىنى،
خۇش قىلىپ توختاتسا كۆزىنىڭ يېشىنى؛
سەن ئۇنى دۇنيادا ئۆلمەس كىشى بىل،
ئەسلىشەر ئەۋلادلار ئۇنىڭ ئىشىنى.

## 124

ھەرقانداق ئىش قىلساڭ ماھارەت ئىشلەت،
ۋاقىتنى ئىگىلە، كەتمىسۇن پۇرسەت.
چارە ۋە تەدبىرى كەم بولسا كىشى،
ئالدىنىپ، كۆڭلىرى ئۆتىدۇ غۇربەت.

## 125

ئەركىلەپ چوڭ بولغان ھەرقانداق بالا —
ئاتا ۋە ئانىغا سالىدۇ جاپا.
ئۆزىنىڭ قىلمىشى كۆزگە كۆرۈنمەي،
بولىدۇ ئاغرىنىپ ھەممىدىن خاپا.

## 126

مەغرۇرلۇق قىلىدۇ ئەقلنى بىھوش،
كۆرۈلمەس ئاسماندىن چۈشمەيدىغان قۇش.
تۆرىلىش، يوقىلىش قانۇنىيەتتۇر،
ئەخمەقتۇر كىشىنى كەمستكەن بايقۇش.

## 127

ئەمگەكنى كۆرمىگەن دەيدۇ ئاسان دەپ،
بىشىغا كەلمەستە قىلىدۇ چوڭ گەپ.
ھەركىمگە ئۆزىنىڭ ھۈنىرى ياخشى،
كەسپىڭنى ئوبدان سۆي، قىلماي يوغان گەپ.

## 128

يۈزسىزدە كۆرۈلمەس زەررىچە نومۇس،
مەينەتكە پۈرىماس بولسا سىپىسىق بۇس.
ئەسكىگە نەسىھەت كار قىلماس ئەسلا،
ئەزەلدىن تېگى پەس، بولسا بىنومۇس.

## 129

نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگۈچى زەردار —
تاپقاننى يەپ - يالاپ، بولۇر قەرزدار.
بىرەلمەي ئەل ئارا يۈزى تۆكۈلۈپ،
بولسىمۇ ئىقتىدار، بولالماس سەردار.

## 130

ھىيلىگەر كىشىلەر بولۇر ئىككى يۈز،
ئالدىنار ئۇنىڭغا ئەخمەق، كۆڭلى تۈز.
ياش چاغدا باش ئۇرۇپ بىرسىنى سۆيۈپ،
قېرىپلا يۈز ئۆرۈپ باشقىنى دەر ئۇز.

## 131

بىراۋنىڭ نىيىتىنى قىلساڭ سەن قوبۇل،
قولىغا قول ئۇنىڭ، پۇتىغا پۇت بول.
زەنجىرنىڭ دەردىنى گەر تارتسىمۇ ئىت،
باققانغا تۇتىدۇ ۋاپادارلىق يول.

## 132

دۇنياغا كەلمەستە تۇرلۇك خەت - يېزىق،
بار ئىدى شېئىر - قوشاق، ھېكايىلەر جىق.
ساۋاتسىزلاردىمۇ نۇرغۇن ئالىم بار،
ئېتىراپ قىلماسلىق ئېغىر نادانلىق.

## 133

سىر تۆكۈپ بىراۋغا بولمىغىن مۇڭداش،
ئالدىراپ ئىشىنىپ قىلما خەقنى پاش.
ناۋادا ئىككىسى دوست چىقىپ قالسا،
بىرلىشىپ بولىدۇ ساڭا زىيانداش.

## 134

پۇل بولسا جاھاندا ئالىي ھۆكۈمران،
قانۇن ۋە ئىنتىزام بولىدۇ گۇمران.
ھەقىقەت دەسسىلىپ ئاياغ ئاستىدا،
يامانلار يۈز تېپىپ ئاتىلۇر ئوبدان.

## 135

چىرايلىق سۆزلەردە مەۋجۇتتۇر گۇمان،
كۈن پارلاق چاغدىمۇ بار ئاز - پاز تۇمان.
سىرتىدىن قاراپلا چىقارساڭ ھۆكۈم،
خاتالىق يۈز بېرىپ تارتىسەن زىيان.

## 136

يىقىلىپ كەتسەڭمۇ تىك - ئېگىز ياردىن،
ئۈمىدنى ئۈزمىگىن يېڭى ھاياتتىن.
قۇتقۇزار چاپىنىڭ ئىلىنىپ شاخقا،
يا كېلۇر ھىمايە ئۇچقان بۈركۈتتىن.

## 137

سېخىينىڭ يېنىغا ھەممە توپلىشار،
بېخىلنىڭ يېنىدىن ھەممە ياتلىشار.
ياخشىلىق، يامانلىق ئىككى خىل ئىشنى —
تارىختا ئەۋلادلار مەڭگۈ يادلىشار.

## 138

بىلىملىك كىشىگە قىلمىغىن ھەسەت،
ئەگەر سەن كۆپ بىلسەڭ ئەمەلدە كۆرسەت.
قىلغاننى كۆرەلمەي، ئۆزۈڭ قىلالماي،
غەيۋەت قىپ يۈرۈشۈڭ بولۇر ساڭا سەت.

## 139

خۇي - پەيلى ئەزەلدىن بولسا قوپال - كاج،
نەسىھەت قىلىشقا يوقتۇر ھېچ ئىلاج.
ئەسكىدە ياخشىلىق بىردەمچىلىكتۇر،
ئاممىدىن ئايرىلغان تاپالماس رىۋاج.

## 140

ئەسكىگە ياخشى دەپ بېرىلسە گەر تاج،
ئەل - يۇرتىنىڭ بەختىچۇن قىلالماس ئىلاج.
ئەتراپقا توپلايدۇ ئۆزىدەكلەرنى،
ياخشىلار يەكلىنىپ بولماس ئېھتىياج.

## 141

قېرىدىم دەپ يۇرسەڭ ساڭا نە پايدا،
بۇ سۆزدىن روھىڭغا بولۇر دەز پەيدا.
دۆمچەيمەي مەغرۇر يۈر خۇددى ياش چاغدەك،
قېرىلىق دېگەنمۇ بوزەككە شەيدا.

## 142

يالغان سۆز گاھىدا بولىدۇ كېرەك،
ئىلاج يوق چاغدىلا دېيىشى كېرەك.
ئىختىلاپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن،
دېگۈچى دانادىن بولۇشى كېرەك.

## 143

راست سۆز بەزىدە خاراب ئېتىدۇ،
ئىلاجى يوق كىشى يالغان ئېيتىدۇ.
يالغاننى ھەمىشە سۆزلەش ئەيىبتۇر،
باشقا كۈن چۈشكەندە بىرسى يېتىدۇ.

## 144

قېرىساڭ سۆزۈڭنى قەغەزگە يازغىن،
غېرىبلىق باسقاندا كىتابنى ئالغىن.
شۇنىڭدا ئاي - يىللار ئۆتسەڭمۇ يالغۇز،
زېرىكمەي ئۆتىدۇ كۈنلىرىڭ قىزغىن.

## 145

ئىلىمگە ئەگەشكىن، گۇمان قىلمىغىن،
تاماشا، ئەمەلنى خىيال قىلمىغىن.
ھەر ئىشنى ئۆز ئەھلى قىلغىنى ياخشى،
شۈكۈر قىل كۆڭۈلگە، غوۋغا قىلمىغىن.

## 146

«ئەلگە كىر ئېلىڭچە، بولما ئېگىز - پەس،
كەلسە سۇ بەلگىچە توختىماس نەپەس».
بۇ پەقەت بىر تەمسىل، تۇرمۇش فورمىسى،
نورمالراق يۈرمىسەڭ ياشىمىقىڭ تەس.

## 147

بىلىمدىن ئارتۇقراق شەرەپ يوق باشقا،
جاۋاھىر ھېچقاچان ئوخشىماس تاشقا.
بىلمىسەڭ چېپىلما خەقنىڭ ئىشىغا،
ھەر ئىشنى قىلالماس ئەھلىدىن باشقا،

## 148

ئۆمرۈڭدىن ئۆتسىمۇ ئاتمىش - يەتمىش ياش،
ئۆگەنگىن ئىزدىنىپ كۈندە ئالدىراش.
سەندىن كىم كۆپ بىلسە ئۇستاز دەپ بىلگىن،
بولسىمۇ كەم سەندىن نەچچە ئونلاپ ياش.

## 149

يامانغا ياندىشىپ گەر بولساڭ ئاداش،
سېنىمۇ قىلىدۇ ئۆزىگە ئوخشاش.
ئەسكىنى دوست تۇتۇپ ھەمسۆھبەت بولۇش —
قىلغانغا باراۋەر پاخالنى ھاپاش.

## 150

مىسال بار: «يامانىنىڭ يارىسى يۇقار،
قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار».
بەتقىلىق كىشىدىن قاچمىساڭ يىراق،
ھامىنى سېنىمۇ پاتقاققا تىقار.

## 151

سەنئەتكار ئالەمنىڭ رەڭدار زىننىتى،
يورۇيدۇ ئۇنىڭدىن ئەلنىڭ قىممىتى.
گۈزەللىك ئىنسانغا مەنىۋى ئوزۇق،
شۇڭلاشقا ئۇلۇغدۇر سەنئەت ھۆرمىتى.

## 152

سەنئەتكار يېگىلىق ياراتقۇچىدۇر،
مەنىۋى بايلىقنى تاراتقۇچىدۇر.
دېگىنى بەختكە تەشەببۇس قىلىش،
ھەربىكتى ئەدەپكە قاراتقۇچىدۇر.

## 153

سەنئەتسىز ئۆتكەن كۈن، ئۇ ھايات ئەمەس،
يالغۇزلۇق كەلتۈرەر قايغۇنى پەۋەس.
ئۇسسۇل - كۈي، مۇزىكا جاننىڭ ھوزۇرى،
ئۆمۈرگە مەدەتتۇر مەڭگۈ تۈگىمەس.

## 154

نىشانغا يەتكۈزەر سادىق يولباشچى،
چىقىرار تۈز يولدىن بولسا ئالدامچى.
سەنئەتمۇ بەئەينى شۇنىڭغا ئوخشاش،
بۇلغانسا يامانغا بولۇر يېتەكچى.

## 155

سەنئەتتۇر ئىنچىكە تولىمۇ نازۇك،
ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولدا بولغىنى تۈزۈك.
بىر تال داغ بۇلغايدۇ جانان ھۆسنىنى،
گەرچە ئۇ سىمابتەك بولسىمۇ سۈزۈك.

## 156

سەنئەتتە ئارتىسقا قويۇلغان تىلەك،
ئەمەستى سەھنىدە تۇتۇش بەل - بىلەك.
تۇرۇپلا ئەۋج ئالدى ھاياسىز قىلىق،
كۆرگەندە غەزەپتىن سىرقىرار يۈرەك.

## 157

تەمبۇرنىڭ كۆكسىگە تەگكەندە ناخان،
ئازابتىن زارلىنىپ چىقاردى زۇۋان.
دېدى ئۇ: تىلىنغان تومۇرۇمنى كۆر،
بولدۇممەن ھەسرەتتىن قۇرۇق ئۇستىخان.

## 158

سۇبھىدە خورازلار چىللايدۇ ھامان،
دەيدۇ: ئەي بىپەرۋا، بولغىنىسەن ئامان.
لالما ئىت يول توسۇپ قاۋاپ تۇرسىمۇ،
كارۋاننىڭ يوللىرى يەنىلا راۋان.

## 159

بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ بولساڭمۇ خاراب،
غەيرىينى ئۆز كۆرۈپ سىر تۆكمە دادلاپ.
ھەممە ئىش بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ،
گاھىدا زارلىنىپ، گاھى قاقاقلاپ.

## 160

ئۆتكۈزدۈم يىللارنى يالغۇز ئولتۇرۇپ،
ئىلىمنىڭ ۋەسلىگە مەستانە بولۇپ.
تۈتى سۆز بىلمەيتتى يالغۇز بولمىسا،
ئۆگەنگەچ قورقمىدى قەپەستە تۇرۇپ.

## 161

كىشىلەر ئاھ ئۇرسا ئۆلۈمدىن قورقۇپ،
كۆلدۈممەن يېنىدا قاقاقلاپ تۇرۇپ.
ياشلىقتا ئاز - تولا ياخشى ئىش قىلماي،
زارلانسا نە پايدا ئەمدى ئولتۇرۇپ.

## 162

ياشلىق ۋە ياشنىش يىللارنىڭ ئىشى،
شۇ ياشقا ياراشقاي ئىنسان قىلمىشى.
قېرىنىڭ قىلىشى ياشلىقنى تەلەپ،
يېگىلگەن ئەسكەرنىڭ ھۇررا تۇۋلىشى.

## 163

بىلمىسەڭ ھەم ئەيىب، بىلسەڭ شىكايەت،
بىر يەردە قوللىسا، بىر يەردە غەيۋەت.
نە ئىلاج بىزلەرگە بۇ ئادەت تۇرسا،
ئىلگىرى باسمايدۇ پېتىشماس مىللەت.

## 164

ئۆزگىنى ئۆزۈمدىن كىچىك كۆرمىدىم،
ۋە لېكىن غەيۋەتتىن خالىي بولمىدىم.
كەينىمدىن قىلىنسا كۈندە مىڭ غەيۋەت،
تونۇپتۇ دەپ بىلدىم، رەنجىپ يۈرمىدىم.

## 165

بىلىمسىز كىشىنى دېيىشەر نادان،
بىلگەننى ھاكاۋۇر، دېيىشەر يامان.
كەينىدىن كاسىلداپ يۈرسە لالما ئىت،
قورقمىغان نەتىجە قازىنۇر ھامان.

## 166

كور بىلەن ھەمسەپەر بولسا كۆرگۈچى،
كور قىلۇر ساقىنمۇ تېنەپ يۈرگۈچى.
تاشلىساڭ ئىزدەيدۇ، كەلسەڭ كۆرمەيدۇ،
جاق تويار كور بىلەن بىللە يۈرگۈچى.

## 167

تۆلكىلەر ئالدىسا ھىجىيىپ تۇرۇپ،
مادارا قىل ئاڭا بىلمىگەن بولۇپ.
غۇرۇرۇم بار مېنىڭ دەپ تورۇپ يەنە داۋغان،
دەسسىمە قاپقانغا ياش تۆكۈپ تۇرۇپ.

## 168

سەركىگە دادلاندى بىر يېتىم ئوغلاق،
نە ئۈچۈن پاقلانلار قىلىدۇ مازاق؟
سەۋر قىل دېدى ئۇ: مەندە نە ئامال،
تېخىچە كۆتى ئوچۇق، ئىشتانىسىز تۇرساق.

## 169

تونۇشماق تەس ئەمەس، چۈشەنمەك قىيىن،
شەيئىلەر مۇرەككەپ، ئىشەنمەك قىيىن.
ئېھتىياتچان بولغىن، ئەتراپىڭغا باق،
سىز دېسە، سىز دېگىن، سەنگە سەن دېگىن.

## 170

بىزلەر بىر يولۇچى، مەنزىلدۇر يىراق،
ۋە لېكىن شۇ يولدىن ئۆتمەك تەس بىراق.
يۇرسىمۇ بايلار شاد، يوقسۇزلار قاقشاپ،
ھەممىنى يەيدۇ يەر قالدۇرۇپ پىراق.

## 171

يولۇڭدا ئۇچرىسا بىرەر ناتونۇش،
ياخشى گەپ - سۆز بىلەن قىلغىن ئۇنى خۇش.
ناۋادا ئول كىشى بولسا تەۋەررۇك،
ناتايىن سەن ئۇنى يەنە بىر كۆرۈش.

## 172

دۈشمىنىڭ تۇرسا گەر ئالدىڭنى توسۇپ،
يولۇڭنى ئۆزگەرتىپ يۇرگىن بۇرۇلۇپ.
ئىتلارمۇ ماڭغاننى كۆرسە قاۋايدۇ،
ھوشيارنى تۇتالماس دۈشمەن يوگۇرۇپ.

## 173

چوڭ بولسا ھەركىمكى ئەسكىدىن بولۇپ،
ئۆزگەرتىپ ياساشقا بولماس يۇغۇرۇپ.
يامانغا كار قىلماس پەند ـ نەسىھەت،
تاشقا سۇ سىڭمەيدۇ دېڭىزدا تۇرۇپ.

## 174

بىلىمسىز كىشىلەر ئەلگە بولسا باش،
كىبىردىن بوۋاينى ئاتايدۇ ئاداش.
نادانىنىڭ قىلمىشى ئاغرىتىش كۆڭۈل،
بولمىغاچ ئۇنىڭدا ئادىمىي قاراش.

## 175

سىرىنى يوشۇرغان بولىسىدى بۇلبۇل،
كۆرەتتى تاڭ سەھەر ئېچىلغاندا گۈل.
پىراقتىن يىرتىلىپ ياقىسى چاك ـ چاك —
بولىسمۇ قىزىل قان، كۈلۈپ يۈردى گۈل.

## 176

رىۋايەت قىلىنىشچە: «چار چاپان ھۆپۈپ،
سېسسىپتۇ ئايەتنى ئىچىدە ئوقۇپ».
سايرىغاچ كۆرۈمسىز بولسىمۇ تورغاي،
تونۇتنى ئۆزىنى قەپەستە تۇرۇپ.

## 177

تارىختا تۈمەنلەپ شاھ - سۇلتان ئۆتۈپ،
قالمىغاچ يازمىسى كەتتى ئۇنتۇلۇپ.
يۈكنەكى ئەۋلادقا قالدۇرغاچ كىتاب،
تونۇلدى ئالىم دەپ، كۆز كۆرمەس تۇرۇپ.

## 178

ئېشەككە نەغمە قىپ چېپ بەرسەڭ راۋاب،
باش ئاغرىپ، ئېتىراز بىلدۈرەر ھاڭراپ.
ئۇنىڭغا لازىمى بوغۇز تۇۋرىسى،
بولسىمۇ ئۇ قۇرۇق، شادلىنار يالاپ.

## 179

خاس هاجىپ ئېيتىدۇ: «بىلىمسىزگە تۆر
بېرىلسە، تۆر پەگاھ، پەگاھ بولۇر تۆر.
گەر پەگاھ ئالىمغا بوپ قالسا ئورۇن،
بۇ پەگاھ ئەڭ بۇرۇن بولۇر تېخى تۆر».

## 180

كىشىگە سىر تۆكمە دۈشمەندىن دادلاپ،
دەرد - ئەلەم دەستىدىن بولساڭمۇ خاراب.
سۆزۈڭنى يامانغا ئۆرۈپ چاقمىسۇن،
ئۆگەنگەن بولسا ئۇ كىشىنى ماراپ.

## 181

مەنىلىك ياشىغىن، قورقما قېرىشتىن،
ساقلانغىن تەڭ يولدا ھېرىپ قېلىشتىن.
ئىش قىلساڭ تىرىشقىن، باشقا ئېلىپ چىق،
سۆيۈنەر ئۇ چاغدا كۆڭلۈڭ شۇ ئىشتىن.

## 182

ئادەملەر بولمىسا نادان، كەم ئەقىل،
ئۆچلىشىپ، كىشىگە تەگكۈزمەتتى تىل.
يىغلىغىن، يا كۈلگىن، ئۆتۈپ كېتىدۇ،
ئەخمەقتۇر ئىشنى دەپ ئاغرىتقۇچى دىل.

## 183

قەپەستە جان بېقىپ ئۆگەنگەن قۇشقاچ
دانلاشنى بىلمەيدۇ دالىدا ئۇچقاچ.
ئۇنىڭغا بوستاندىن شۇ قەپەس ياخشى،
سايراشتىن باشقىنى بىلمىگەن بولغاچ.

## 184

بېشىڭغا ياغسىمۇ ھەر تەرەپتىن تاش،
جانغىلا كەلمىسە، ياشايسەن ئاداش.
يولدىن چىقمىغىن، بەگدىن قورقمىغىن،
رەقىبىڭ ئالدىدا ئەگمەي ئۆتكىن باش.

## 185

هاياتلىق بىر دېڭىز ئۈزۈپ ئۆتمەك تەس،
دولقۇنلار ئۆركەشلەپ قىلىشار بەس - بەس.
رولۇڭنى چىڭ تۇتۇپ هوشيار بولمىساڭ،
يەلكىنىڭ غەرق بولۇپ باسار سېنى نەس.

## 186

ئۆمۈرنى تۈگىتەر يىللار ئېقىتىپ،
گاهىدا چۆمدۈرۈپ، گاهى لەيلىتىپ.
شۇ كۆرگەن كۈنۈڭدىن قالدۇر ئەسلىمە،
يوقىتىپ بولغۇچە ئەجەل يىقىتىپ.

## 187

ئىدراكلىق، بىلىملىك، ئەقىللىك دانا —
يەتكۈزەر كىشىگە هەر تۈرلۈك پايدا.
ئىش قىلساڭ بىلىملىك دانا بىلەن قىل،
زىيان يوق ئالىمغا ئەگەشكەن جايدا.

## 188

يېنىڭدا تۇتساڭ گەر يېقىن خىزمەتكار،
كۆزەتكىن، يوقۇڭدا قىلامدۇ ئىنكار؟
ھىيلىگەر، غەيۋەتخور، بولسا سۇخەنچى،
يوقاتقىن سىرىڭنى قىلغۇچە شىكار.

## 189

پاكار پەس كۆرۈنمەس كەڭ قورساق بولسا،
كىچىكمۇ كۆچلىنەر بىلىمگە تولسا.
ئەلگە باش بولالماس ئەقىلسىز كىشى،
ماختاشقا ۋە ياكى پۇلغا قول بولسا.

## 190

كۆرمەسكە گەر نېسىپ بولسىمۇ ئالتۇن،
پەرق ئەتمەي تاشلايدۇ ھېس قىلىپ چويۇن.
ئۇنىڭكى ئورنىدا گەر بولسا زەرگەر،
بىلگەچكە ئاسرايدۇ ھەممىدىن بۇرۇن.

## 191

مسال بار: قالاتماڭ ئوتۇنچىغا ئوت،
ئوتۇنى كۆرۈنەر كۆزىگە ياقۇت.
ئەمگەكنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگۈچى،
ئۆزىنىڭ جەبرىنى قىلمايدۇ نابۇت.

## 192

كىشگە ماختىنىپ قىلمىغىن چوڭ گەپ،
گەرچە كۆپ بىلسەڭمۇ ساقلىغىن ئەدەپ.
كەم سۆز بول، كۆڭلۈڭنى تۇتقىن دېڭىزدەك،
غەۋۋاسلار قوينۇڭدىن تەرسۇن دۇر - سەدەپ.

## 193

بىر دوستۇم بار ئىدى يېزىغا شياڭجاڭ،
كۆرگەننى تىللاپلا بوپتۇ ئۇ ساراڭ.
مىجەزىڭ يوقمۇ؟ دەپ سورىسام، دېدى:
تېز داڭقىڭ چىقىدۇ كۆپ سالساڭ پاراڭ.

## 194

ئىش تەگسە ئىشتانىسىز ئادەم تونۇماس،
رەنجىتەر توك سۆزلەپ، پىكىر تىڭشىماس.
يۇمشاقلىق ئالتۇننى قىلدى ئەتىۋار،
چۈرۈكلۈك چويۇننى قىلدى يارىماس.

## 195

نەپ تەگسە ئىچىلۇر تۈرۈلگەن قاپاق،
كۆپ كۆردۈم بۇ ئىشنى سەنمۇ قاراپ باق.
مىسال بار: «بەرگەككە بەگ ئەگىشىپتۇ،
چىچقاقىقا بولارمىش ئىتلارمۇ ئامراق».

## 196

ۋاپاسىز خوتۇندۇر سىھىرلىك يىلان،
ئەتنى يەپ، چىرايدا قويماس تامچە قان.
ناۋادا پۇل تۈگەپ بولساڭ سەن موھتاج،
ئاچ قىلىپ ئۆلسەڭمۇ چىقارماس بىر نان.

## 197

يۈزىدە خۇشامەت، كەينىدە غەيۋەت
قىلماقلىق يىگىتكە پەسكەشلىك ئادەت.
دۈشمىنىڭ بولسىمۇ، كەتسە ماختىغىن،
تىلىگىن ئۇنىڭغا ياخشىلىق، ئامەت.

## 198

مىللىتىڭ گۈللىنىپ تاپسا ئىنايەت،
دېگىنسەن ھۆكۈمران دەۋرىڭگە رەھمەت.
بەرمىسە ئۇ ساڭا كەڭچىلىك يولنى،
يورۇماي ئۆتەتتى چىرىغىڭ ئەبەد.

## 199

ئىلىم - پەن گۈللەشكە بېرىلسە پۇرسەت،
بەھرىمەن بولىدۇ چوڭ - كىچىك مىللەت.
تۇرمۇشى پاراۋان، خەلقى قۇت تېپىپ،
كەلتۈرەر دۆلەتكە تەڭداشسىز شۆھرەت.

## 200

گەر يولۇڭ چىتلانسا كۈچلۈكلەر توسۇپ،
پۈرسەت كۈت ئۆتۈشكە قورشاۋنى بۆسۈپ.
ئەخمەقتۇر تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغۇچى،
چۈنكى چاشقان يېڭەلمەس كالىنى ئۈسۈپ.

## 201

ئۆلمەن دەپ پۇلنى مىراس تارقاتماق —
ئاخىرقى ئۆمرىنى خارلىقتا قويماق.
ناۋادا پۇل تۈگەپ ئۆلەي دېسەڭمۇ،
چىقمايدۇ بىكارغا ساڭا سىرتماق.

## 202

بەختتىن كىشىنىڭ ئۇزىرار قولى،
تەتۈرى بولۇپ ئوڭ، ئېچىلار يولى.
تۇرمۇشتا ھەرقاچان كۆپ تېجەشلىك بول،
يوقسۇزنىڭ يۇرسىلا توسۇلار يولى.

## 203

بىلىمسىزگە نېسىپ بولسا دۆلەت ـ قۇت،
تۇرالماس ئۇزاقراق مەھكەم تىرەپ پۇت.
ئۆيلىساڭ بولۇشنى بەختكە ئۈلپەت،
ئىشگىنى ئەقىل ھەم بىلىم بىلەن تۇت.

## 204

گەر ئاتاڭ ئۆتسىمۇ بىر يۇرتنى سوراپ،
قەسىرىڭدىن ماختانما بولغاندا خاراب.
قۇرۇغان سۆڭەكنى غاجىمايدۇ ئىت،
ئەر بولساڭ ئۆزۈڭ تاپ، يۇرمە چىش شوراپ.

## 205

ئەر ئەمەس جاپادىن داد ـ پەرياد چەككەن،
ۋە ياكى راھەتنى دەپسەندە ئەتكەن.
ھەمراھتۇر كىشىگە خوۋلۇق ۋە خورلۇق،
يىگىتتۇر شۇنىڭغا پايلىشىپ كەتكەن.

## 206

جەمئىيەت ئىنسانچۇن چوڭ بىر ئىمتىھان،
ئۆتىدۇ بېشىڭدىن مىڭ ياخشى - يامان.
ئادەمدۇر بىر غەۋۋاس، ئالەمدۇر دەريا،
مۇشكۇلدۇر دۇر سۈزۈپ چىقىش تىنچ - ئامان.

## 207

كىشىگە يار بولماس بەخت ھەر زامان،
يوللىرىڭ داۋاملىق بولمايدۇ راۋان.
تەلىيىڭ قاچقاندا قىلساڭ ياخشى ئىش،
كىشىگە بىلىنەر بولۇپ ئۇ يامان.

## 208

ئوغۇل - قىز كۆپ بولسا دەرد ئېغىر بولۇر،
پەرزەنتلىك كىشىلەر بۇنى چۈشىنۇر.
گەر دېسەڭ ئاتىنىڭ كۆڭلىنى شېشە،
پەرزەنتنىڭ تېشىدا سۇنۇپ چېقىلۇر.

## 209

دۈشمىنىڭ بولسا گەر گويا كىچىك قىل،
سەن باتۇر بولساڭمۇ ئۇنى تاغدەك بىل.
قاراشقا بوز چېۋىن ناھايىتى كىچىك،
ۋە لېكىن چىقىپ ئۇ، سەكرىتىدۇ پىل.

## 210

تونۇلسا كىشىگە دۈشمەن كۆپىيىپ،
دەيدۇكى: بىز قالساق ئۇنى يوقىتىپ.
قاراپ باق ئاھۇنى ئالساق مىسالغا،
قەستلەندى قالغاچقا گۈزەل يارىلىپ.

## 211

چوڭ قىلساڭ بالاڭنى پۇلدا گول قىلىپ،
بۇزىسەن ئىسراپخور كىبىرەكسىز قىلىپ.
ھەر ئىشنى پۇختا قىل، كىچىكتىن باشلا،
كىم كۆردى پايدىنى پۇشايمان قىلىپ.

## 212

قىزنىڭچى دەپ قويسا بولما كۆلدۈرگە،
تولا سۆز چىقرار تىلغا كۆيدۈرگە.
ئىنسانىنىڭ سىرىنى بىلىپ بولماق تەس،
بىلەمسەن ھەمراھتۇر تىكەنلەر گۈلگە.

## 213

ئاگاھ بول، ئالدانما يىگىتلىكىڭگە،
كۆپ قاتناش قىرىنىڭ سۆھبەتلىرىگە.
ياشلىق ئۇ گوياكى شارابسىز مەستلىك،
قىرىلار شىپاھدۇر ئىللەتلىرىڭگە.

## 214

قالماي دەپ ئۆيلىساڭ قۇرۇق بالاغا،
قول قويما قەرزدارغا ياراپ گۇۋاھقا.
ناۋادا بەرمىسە قەرز ئالغان كىشى،
قانۇندا تارتىدۇ سىنى گۇناھقا.

## 215

گۈل دېدى بۇلبۇلغا: قېنىمنىغىن جان،
نالەڭدىن بويالدىم بولۇپ قىزىل قان.
ئاشىقى چىدامدۇ، — دېدىكى بۇلبۇل —
يار تېنى تىكەنگە بولسا ئاشىيان.

## 216

كىشىدىن رەنجىمە، بۇ شۇنداق جاھان،
بىر ياخشى كەينىدە بار نەچچە يامان.
خۇش پۇراق قىزىلگۈل بەرگىگە قارا،
كۆرىسەن تىكەنلەر قىلغانىنى ماكان.

## 217

ئەي يىگىت، بۇ زامان ئالتۇن دەۋر بىل،
تىرىشىپ كۆچۈڭنى ئەلگە تەقدىم قىل.
شۇنداقمۇ ئۆتمۈشنى كۆرگەنىدۇق بىز،
ئىشلەشكە نە پۇرسەت، تېگىپ تاياق - تىل.

## 218

ئادەمنى بۇزىدۇ ئەجىرسىز راھەت،
دېمىگىن بەختنى كەتمەيدۇ ئەبەد.
بىلىپ قوي پۇل - بايلىق گويا كۆلەڭگە،
مەڭگۈگە تۇرمايدۇ بىر جايدا ئەبەد.

## 219

ھەركىمكى بىلىمسىز بولسا يارىماس،
ئالدىدىن مىلك ئۆتسە كىشى قارىماس.
تۆگىدە بولسىدى زەررىچە ئەقىل،
ئېشەكنىڭ كەينىگە ئىدى باغلىماس.

## 220

ئەي يىگىت! ئەقىل تاپ، باس ئالغا قاراپ،
كىم تېپىپتۇ ئالتۇننى چۆشەكنى كولاپ.
ئەخمەقتۇر ناشايان يوللاردا يۈرۈپ،
زەھەرلەپ ئۆزىنى قىلغۇچى خاراب.

## 221

کەم سۆزلۈك ياۋاشتىن قىلغىنسەن ھەزەر،
ساق دۈشمەن كەم سۆزلەپ سىناقتىن ئۆتەر.
يىلانمۇ تۈگۈلۈپ جىم يېتىپ تۇرۇپ،
پەيتىنى تاپقاندا ئۇرار ئۇ نەشتەر.

## 222

ئۇزاتسا گۈلگە قول تەلىيى قاچقان،
گۈل ئۇرۇپ نەشتەرنى بولىدۇ چايان.
ھاياتلىق ئۆتكىلى گويا بىر جاڭگال،
مۈشكۈلدۇر ئۆتمەكلىك بۆسۈپ تىنچ - ئامان.

## 223

بۇرادەر، ئەل ئارا يۈزۈڭنى تۆكۈپ،
نە پايدا ئالارسەن قاۋاقتا يۈرۈپ.
ھەيرانمەن، ساراڭلار ساقايمايۋاتسا،
سەن ساراڭ بولغانغا پۇل خەجلەپ تۇرۇپ.

## 224

تەكەببۇر ئەيلىمە بولساڭ ئىش بېشى،
ئاگاھ بول يازنىڭمۇ كېلىدۇ قىشى.
كىشىنىڭ بېشىغا چىقتىم دەپ كۈلمە،
كۈلكىمۇ كۆپەيسە چىقار كۆز يېشى.

## 225

پۇل، ھوقۇق-زەڭگىنى كۆرستەر گۈزەل،
ئوقۇشار نازىنىن مەدھىيەلەپ غەزەل.
پۇل تۈگەپ ۋە ياكى ھوقۇقتىن قالسا،
ئۇيالماي دېيىشەر سەت ئىدى ئەزەل.

## 226

جاھاندا «قالتىس» يوق، مەن «قالتىس» دېمە،
ئاڭلامدۇ تۇپراققا سەن دېسەڭ: يېمە.
گاداي بول ۋە ياكى بولغىن شاھەنشاھ،
يەرگە يەم بولماستىن تۇرىمەن دېمە.

## 227

بىلىمدۇر خەزىنە بەرسەڭ كەملىمەس،
گويا ئۇ دەريادۇر ئىچسە ئازلىماس.
نادانلىق بەئەينى زەيكەش قاقاس يەر،
بىر ئۆمۈر تەر تۆكسە گىياھ ئايىنماس.

## 228

ئۆتتۇممەن بىراۋنى دېمەي چوڭ - كىچىك،
ئۆزگىمۇ كۆرمىدى مېنى ھەم كىچىك.
بىلگىنىم بولدىكى شۇ بىر ھەقىقەت،
نادانىدۇر ئەڭ كىچىك، كىچىكتىن - كىچىك.

## 229

ئادەمدۇر رۇدا تاش، جەمئىيەتتۇر پېچ،
كۆيمەستىن تاۋلانغان پولات يوقتۇر ھېچ.
تۇغۇلدۇڭ، ئاشۇ ئوت كۆتىدۇ سېنى،
پۇچىلاپ قويمايدۇ ئۆمۈر بويى تىنچ.

## 230

ھاياتلىق ئىنسانغا تۈگىمەس سەپەر،
جەننەتتىن تولىراق كۆرستەر سەقەر.
تۇغۇلدۇڭ، ماڭىسەن مەجبۇر ئۇ يولنى،
ھەمراھتۇر دەرد ـ ئەلەم ئۆلگەنگە قەدەر.

## 231

ھايۋانلار تىلسىزلىق جەبرىدىن خاپا،
ئىنسانغا تىلىدىن كېلىدۇ جاپا.
مىسال بار: «سۆزنى قىل سىغقان يېرىگە»،
بولسا سۆز ئورۇنسىز كەلتۈرەر تاپا.

## 232

ئەيىبىنى كۆرسەتسە، بىلگىن ئۇنى دوست،
شۇنداقتا ئىشلىرىڭ بولۇر راۋۇرۇس.
ماختاشتىن شادلانما، ئۇ بىر دۈشمەنلىك،
ئۆستۈرۈپ كىبرىڭنى كەلتۈرەر نومۇس.

## 233

قىلىشقا ھەممىگە قۇدرىتى،تۇرۇپ ،
قىلمىسا ئەر دېمە ، بىر ئىشنى بۆسۈپ.
ئەر شۇكى، ئەل ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ،
ھارامدىن نەپسىنى ئالغۇچى توسۇپ.

## 234

گەر كەلسە مال - دۇنيا كۆڭۈل بۆلمىگىن،
كەتسىمۇ ئاھ ئۇرۇپ چىراي پۈرمىگىن.
پۇت سۇنسا پۇچقاقتا ، قول سۇنسا يەڭدە،
تۇرسۇن ئۇ غەيرىيگە سۆزلەپ يۈرمىگىن.

## 235

ئەي يىگىت، بولساڭ گەر ھەقىقىي ئوغۇل،
ئەخلاق ۋە بىلىمدە يېتىلگەن ئەر بول.
ئەلگە بول مۇلايىم، ئۆزۈڭنى خۇش تۇت،
ياماندىن يىراق قاچ، قىلمىغىن قوبۇل.

## 236

ئاقىللار ياخشى سۆز، خۇش چاقچاق ئۆتەر،
دوستلارنى لەتىپە، كۈلكىدە كۈتەر.
تۇرۇپتۇ ھەممىگە ئورتاق ئۇزاق يول،
شۇ چاغدا ياخشى نام ئۇزاققا يېتەر.

## 237

بۇ دۇنيا كۆلەڭگە، بار ئەجەب ئىشى،
تۇتاي دەپ قول سۇنسا يوقتار كىشى.
ئىزدىسەڭ قاچىدۇ، قاچساڭ قوغلايدۇ،
بىپەرۋا، قاتىسمۇ ئىنساننىڭ بېشى.

## 238

كارۋاننىڭ يولى بىر، رىزقى ئۆزگىچە،
ئىزدىگىن بەختىڭنى غەمدە يۈرگۈچە.
خاتىرجەم ئۆتكەن كۈن جەننىتىم دېگىن،
مۇشكۈلدىن زارلانما خۇۋلۇق كۆرگۈچە.

## 239

ھەركىمنىڭ كۆرگىنى، بىلگىنى باشقا،
بۇ ئۆلۈم باقمايدۇ قېرى ۋە ياشقا.
بىر زەردار يەنىلا ئۆلگۈم يوق دېدى،
بولمىدى ئۆمۈرنى پۇلدا ئۇلاشقا.

## 240

ياشلىقىم يىلمۇيىل كەتسىمۇ يىراق،
ئاھ ئۇرۇپ، ئارماندا چەكمىدىم پىراق.
چۈنكى مەن ئۇنتۇلغان كىرگەن يېشىمنى،
جاھاننىڭ كارىغا باغلاپ ئىشتىياق.

## 241

ھەسەتخور كۈلگەندەك قىلسىمۇ بىراق،
ئۇنىڭدىن ھەقىقىي خۇشاللىق يىراق.
گەر ئۈنسە گۈلزاردا بىر سېسىق ئەمەن،
گۈللەرنى بۇلغايدۇ يېقىمسىز پۇراق.

## 242

ئوغلۇڭغا قەبرەڭنى قىلما ۋەسىيەت،
گەر تاشتىن سالسىمۇ ساقلانماس ئەبەد.
نام - ئاتاق يوقاشتىن قورقساڭ ئامال بار،
ياخشىنىڭ قەبرىسى بۇزۇلماس پەقەت.

## 243

ئۆتكۈزدۇم كۆڭلەرنى يالغۇز ئولتۇرۇپ،
جاھانىڭ كارىدىن خىيالغا چۆمۈپ.
گاھىدا سۇلتانمەن، گاھىدا گاداي،
يازىمەن تارىخنىڭ كاتىپى بولۇپ.

## 244

نادانىنى ئىززەتلەپ باشلىساڭ تۆرگە،
ئىككىنچى نۆۋەتتە ئىلمايدۇ كۆزگە.
ھەممىگە ئۆزىنىڭ لايىقى كېرەك،
كالىغا يارىماس ئېغىلدىن ئۆزگە.

## 245

«ياشلىقتۇر ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل چېغى» ،
بۇزىدۇ ھۆسننىنى خورەكنىڭ دېغى.
قېرىلىق ئېگىلگەن شىرنىلىك مېۋە،
ۋە لېكىن ئاجىزدۇر ئۇنىڭكى بېغى.

## 246

گاھىدا بىر كۈنۈم ئۆتەر بىر يىلدەك،
گاھىدا بىر يىلىم ئۆتەر بىر كۈندەك.
قەلبىمدۇر يانار تاغ، باغرىمدۇر ۋولقان،
كۆيىمەن ئازابتىن تولغىنىپ قىلدەك.

## 247

نېنىڭنى بىر يۈزدە پىشىدۇ دېمە،
قولۇمغا كەلدى دەپ چاغلىماي يېمە.
پانىيدا ھېساب بار، باقىيدا سوراق،
ئۆتكەلدىن ئايرىلىپ قالىمەن دېمە.

## 248

هاياتلا ئىكەنسەن پۇل بولۇش كېرەك،
تەر تۆكۈپ ھالالدىن تېپىشىڭ كېرەك.
ۋە لېكىن ئەڭ مۇھىم يەنە بىرسى بار،
مەنىۋى بايلىقمۇ مول بولۇش كېرەك.

## 249

تۆرىلىپ مىڭ تەستە چوڭ بولۇپ ئادەم،
قايتىدۇ يوقلۇققا ياشاپلا بىردەم.
هاياتلىق دەۋرىگنى قەدىرلەپ ئۆتكىن،
بىزنىمۇ كۈتمەكتە ئاشۇنداق ئالەم.

## 250

ئېيتىشما كۈيۈ ئوغۇل ۋە كېلىن بىلەن،
ئۆتسلا ئامراق بىر - بىرى بىلەن.
گاھىدا رەنجىتىپ قويسىمۇ كۆڭۈل،
بىلمىگەن بولۇپ يۈر، ئۆز ئىشىڭ بىلەن.

## 251

ئۆزىنى بىلىملىك سانىغان كىشى —
لازىمدۇر ئەتراپقا قاراپ بېقىشى.
بەزەنلەر كۆيىدۇ ھەسسەت ئوتىدا،
تونۇلسا بىرەرسى تۇتتۇپ كۆندىشى.

## 252

ھەركىمكى زېرىكمەي كۆپ كۆرسە كىتاب،
دىلىنى يورۇتتۇپ ئېچىلۇر ئاپتاپ.
نادانلىق كىشىگە ساقايماس كېسەل،
ساغلامدەك يۇرسىمۇ ۋە لېكىن بىتاپ.

## 253

ھاكاۋۇر، نامەردكە سۇنما قولۇڭنى،
بەزىلەر قول بەرمەي تۆكەر يۈزۈڭنى.
ھەركىمنىڭ ئۇمچى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە،
چوڭ بولسا ئۆزىگە، ماڭغىن يولۇڭنى.

## 254

گەرچە مەن بولساممۇ مەنسەپدار ئەمەس،
كۆرمىدى خالايىق ئەمرىلەردىن پەس.
چۈنكى مەن پىدائىي ئىرپان جىڭدە،
قىل دەيمەن نادانىي بىلىمگە ھەۋەس.

## 255

ئۆمۈرنىڭ يوللىرى ئەگرى ۋە ئۇزاق،
گاھ تىكەن ئۇچرايدۇ، گاھىدا تۇزاق.
باسقاندا قەدەمنى بولمىساڭ پەخەس،
خاتىرجەم ئۆتۈشۈڭ ئەقىلدىن يىراق.

## 256

يول ياساش — ساۋابنى بىلگەنىنىڭ ئىشى،
ماڭامدۇ - ماڭمامدۇ كارۋاننىڭ ئىشى.
سەپەرنىڭ باشلىمى كۆزنىڭ كاسەسى،
ئىچۈرگەن شارابى ئاققان قان - يىشى.

## 257

پەس كۆرمە بولسىمۇ ئۇ بىر قەلەندەر،
ياخشى كۆڭۈل يار بولماس ئۆلگەنگە قەدەر.
نامراتنىڭ كۆڭۈللىرى گويا ئۇ گۈلخان،
ياشايدۇ ئوت ئىچرە بولۇپ سەمەندەر.

## 258

كىمكى غاجىسا مەينەت سۆڭەكنى،
جاراھەت قىلىدۇ جان ۋە يۈرەكنى.
ھىممەتسىز كىشىدۇر دەل ئاشۇ ئادەم،
ئۇنىڭدىن كۈتمىگىن ياخشى تىلەكنى.

## 259

مىسال بار: «بولالماس گۈللەر تىكەنسىز،
باھارى ھەم بولماس ھەرگىز خازانسىز».
زارلانما ئۆمرۈڭدىن تارتساڭمۇ جاپا،
خۇشاللىق نامەۋجۇت دەرد ۋە ئەلەمسىز.

## 260

نەسھەت ئاڭلىغان بولسىدى بۇلبۇل،
كۆيۈكتە ئەڭلىنى قىلماس ئىدى كۈل.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسە ھەر كىشى
كۆز يېشى قۇرۇماس ئۇ كۈلۈش تۈگۈل.

## 261

ئاگاھ بول، قىلمىغىن مەنسەپكە ھەۋەس،
بېشىغا كەلمىگەن دەردىنى بىلمەس.
ئاستىدا بار دېڭىز، ئۈستىدە تاغ - تاش،
ئېھتىيات قىلمىسا باسار ئۇنى نەس.

## 262

ھۆرمەتلە باشلىقنى، ئۆتكىن بولۇپ دوست،
تەشەببۇس قىل ئۇنى بولۇشقا دۇرۇس.
ناۋادا ئازغىشىپ ماڭسا خاتاغا،
چىرايلىق سۆز بىلەن يولدىن ئۇنى توس.

## 263

ئەمەلنى چوڭ بىلدىم، كۆيمىدىم بىراق،
بولمىغاچ ئىقتىدار ياكى ئىشتىياق.
قەلبىمدە ئورنى يوق پەرى پەيكەردىن،
ئالساڭمۇ ئۆي تۇتۇش ئەقىلدىن يىراق.

## 264

ئەمەلدار بولغۇچى ئەل-يۇرتىنىڭ بېشى،
زۆرۈردۇر پەرماننى ئىجرا قىلىشى.
دۆلەت ۋە خەلققە سەمىمىي بولۇپ،
لازىمدۇر ھەممىدە ئادىل بولۇشى.

## 265

سابا گەر كەزسىمۇ كەڭرى جاھاننى،
مېنىڭ دەپ باقمىدى بىرەر ماكاننى.
مۇيەسسەر بولمىسا چەكمە نادامەت،
كىيىشچۇن كىشىدەك ھاي - ھاي چاپاننى.

## 266

مىسال بار: «ئەرگە بىر، يەرگە بىر نۆۋەت»،
گاھىدا تەسەۋۋۇر بولۇر ھەقىقەت.
قولۇڭدىن كەلگەندە قىلغىن ياخشى ئىش،
پۇشايمان قىلغاندا تېپىلماس پۇرسەت.

## 267

بۇرۇنقى خامانى قايتىدىن سورۇش —
چالك - تۆتەك قوزغىتىپ مۇھىتنى بۇزۇش.
گۇناھتۇر ئۆلۈكنى ئۇرۇشقا سېلىپ،
نەسلىدە ئۆچمەنلىك ئوتى ياندۇرۇش.

## 268

سوقۇشسا تاش بولۇر ئۇششاق دانچە قۇم،
ئۇيۇشسا ئۇششاق قۇم بولۇر تاشتەك توم.
ئىتتىپاق ئۆتمىگەن ھەرقانداق مىللەت —
تۆگەيدۇ قۇم كەبى توزۇپ ئۇ چوقۇم.

## 269

پېشانەڭ ئوڭدىن كەلمىسە ھامان،
قىلىنغان ئىشلىرىڭ كۆرۈنەر يامان.
گاھىدا داغدام يول توسۇلۇپ قېلىپ،
چىغىر يول ئۇنىڭدىن بولىدۇ راۋان.

## 270

تەمەننا قويمىغىن ئۆزۈڭگە ئاقىل،
كۆچۈڭ زور بولسىمۇ، ھەرقانچە قابىل.
ئالتۇنمۇ گاھىدا تۇچ قاتارىدا
تاشلىنۇر كۆرگۈچى بولمىسا ئادىل.

## 271

كىشىدىن رەنجىمە، يامان دېدى دەپ،
دىققەت قىل، ئۇنىڭغا قىلمىغىن غەزەپ.
قىلىنسا غەيۋىتىڭ ئاڭلىمىغان بول،
دۈشمەننى ئاينىتۇر يۈرگۈچى سۆزلەپ.

## 272

ئەجدادى قازانغان بولسىمۇ نۇسرەت،
ماختىنىش ئىنسانغا ئەڭ يامان ئىللەت.
ئەگەردە ھەقىقىي ماختانغۇڭ بولسا،
ۋەتەن ۋە خەلققە تۆھپەڭنى كۆرسەت.

## 273

قېرىلىق خەۋىرى — تولىراق چارچاش،
دىگەردىن ئۆتسىلا تېز پاتار قۇياش.
ئۆمرۈڭدىن خۇلاسە قالدۇرالىساڭ،
ئۆلسەڭمۇ خاتىرجەم كېتىۋەر ئاداش.

## 274

تەكەببۇر ئەيلىمە، ئۆت ياۋاش - يۇمشاق،
كىشىگە يوشۇرۇن قويمىغىن تۇزاق.
بولۇڭنى سەن قىلساڭ، ئەتە ساڭا بار،
ئىش تولا كۆرسەن بۇ ئالەم ئۇزاق.

## 275

فېرىدون بولساڭمۇ قىلمىغىن كۆز - كۆز،
مېلىڭ بىر بولغۇچە، دوستۇڭ بولسۇن يۈز.
مەڭگۈلۈك باھار يوق تۇزۇمايدىغان،
تۆكىدۇ بەرگىنى ۋاقتى كەلسە كۈز.

## 276

پەگاھتا تۇرسامۇ تۆر بىلىپ ئۆتتۈم،
تەقدىرنى پەرق ئەتمەس كور بىلىپ ئۆتتۈم.
كۆرگەندە جاپاكەش بىچارىلەرنى،
ھۆرمەتلەپ ئۆزۈمدىن چوڭ بىلىپ ئۆتتۈم.

## 277

نامراتتۇر — پۇل بولۇپ، ئېشى بولمىسا،
ناداندۇر ئەقلى بار، ئىشى بولمىسا.
يوق دېگىن بىلگۈچى بولسىمۇ تولا،
قېرىسى بار بولۇپ، يېشى بولمىسا.

## 278

ببباها گۆھەردۇر ئەجداد مىراسى،
مۇجەسسەم قويىندا تارىخ سىيماسى.
مۇھىمدۇر بىزلەرگە قوغداش، يېڭىلاش،
چۈنكى ئۇ ئۆتمۈشنىڭ ھايات گۇۋاسى.

## 279

ئاگاھ بول، بۇ ئالەم تۆت كۈنلۈك بازار،
شۇنچىلىك ئۆمرۈڭگە بولما دىل ئازار.
ماڭىمىز بىر كۈنى ئۇزۇن سەپەرگە،
شۇ چاغدا تەڭشەيدۇ گۆرىستان - مازار.

## 280

تۇرمۇشتۇر داش قازان، قايناپ پىشماق تەس،
خۇشاللىق تامچىدۇر، خاپىلىق پەۋەس.
كۆرگەننىڭ بارىنى يازماقچى ئىدىم،
قەلىمىم توختىدى، دېدى: بولدى بەس.

## 281

ئايرىلماي بىر ئۆمۈر دوست بولدى قەلەم،
رىغبەتلەر بەردى ئۇ تارتقاندا ئەلەم.
قاراڭغۇ يولۇمغا يورۇتۇپ چىراغ،
يىقىلسام تۇرغۇزۇپ، تاشلاتتى قەدەم.

## 282

قەلەمدۇر ئەل ئارا مېنى تونۇتقان،
قىلدى ئۇ خەلق بىلەن بىر ئۇرۇق - تۇغقان.
ئۆمرۈمنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن بولسام،
بولاتتى تونۇشلار مېنى ئۇنۇتقان.

## 283

تېتىدىم ھاياتنىڭ ئاچچىق تەمىنى،
كۆرگەندە دوست - دۈشمەن تۈردى تەرىنى.
كىتابىم شۇ چاغدا دېدى: سەۋر قىل،
كىم قىلسا يامانلىق چىگەر بەختىنى.

## 284

ئېشەك ئات بولالماس ئوقۇردا تۇرۇپ،
كۆۋرۈككە كەلگەندە تۇرار چاندۇرۇپ.
جىددىي پەيت كەلگەندە ئىشقا يارىماس،
سىرتىغا قاراپلا ئۆتسەڭ دوست بولۇپ.

## 285

ئارامغا چىققانلىق ئەمەس ئىش تاشلاش،
ئەكسىچە ئۇلۇغۋار يېڭى ئىش باشلاش.
ئەگەردە بىر كۈنۈڭ كەتسە بىكارغا،
ئۆلگەنلىك دەپ بىلگىن، ئەمەستۇر ياشاش.

## 286

قېرىغان چاغدىكى كەلگەن بىر كۈنۈڭ،
خىراجەت قىلغىن دەپ تۇرغان ئالتۇنۇڭ.
ناۋادا جايىدا ئىشلىتەلمىسەڭ،
قولۇڭدا يوقلۇر قىممىتى ئۇنىڭ.

## 287

قېرىساڭ ئۆتمۈشتىن قالدۇر ۋەسىيەت،
بولغاي ئۇ كىشىگە ئىبرەت - نەسىھەت.
ھاياتلىق چېغىڭدا قالدۇرغاندا ئىز،
شۇنىڭدا تاپىدۇ ھاياتىڭ قىممەت.

## 288

چۆلدىكى مىڭ يىللىق گۇمبەز، ئەسكى تام،
ئۆزىنىڭ دەۋرىدىن ساقلاپ كەلدى نام.
قالدۇرغان بولسىدى گىلكار نامىنى،
قىلاتتىم ئۇنىڭغا مىڭ قېتىم سالام.

## 289

ناتونۇش دىيارغا بولساڭ مۇساپىر،
ھەزەر قىل، نۇقسانىنى قىلىشتىن زاھىر.
بىلمىگەچ سىرىڭنى ئىشەنمەس ھېچكىم،
خانىقادىن چىقتىممەن دېسەڭمۇ ھازىر.

## 290

گەر كىشى مۇتتەھەم بولسا يارىماس،
ئاق بىلەن قارىنى ئايرىپ قارىماس.
نەسىھەت قىلساڭمۇ نادانىدۇر نادان،
قىلمىسا ئەسكىلىك كۆڭلى تىنچىماس.

## 291

ئاتا ۋە ئانامدىن ئالدىم كۆپ ئەقىل،
ئوقۇتۇپ مېنى ھەم ئۆگەتتى كۆپ تىل.
دەيتتى ئۇ: تىرىشىپ تاپقىن كامالەت،
ھەرقانداق ئىش قىلساڭ بىلىم بىلەن قىل.

## 292

بىلىمگە بولسىمۇ مەندە ئىشتىياق،
ۋە لېكىن ۋىسالدىن كۆپ قالدىم يىراق.
ياشانغان بولسامۇ ئۆگەنگۈچىمەن،
بىلگىنىم غەنىيمەت، بىلىمدۇر چىراي.

## 293

ئادەمدۇر بىر ياپراق، ئويلان سەپسىلىپ،
ئالتە ئاي ياز ئويناپدۇ شاخقا ئېسىلىپ.
ۋە لېكىن ياز تۈگەپ، كەلگەندە كەچ كۈز،
سارغىيىپ ياتىدۇ يەردە دەسسىلىپ.

## 294

رەزىللىك ھەر جايدا گەر سۈرسە دەۋران،
خورازلار لال بولۇپ سايرايدۇ مېكىيان.
شۇنداقمۇ زامانلار بولۇپ ئۆتتىكى،
ئاقىللار رىجىمدە، نادان ھۆكۈمران.

## 295

گۈلدۈرى بولسىلا يامغۇر بار دېمە،
يوغان گەپ بولسىلا ماغدۇر بار دېمە.
ئىچى پور كۆتەكنىڭ ساداسى كۈچلۈك،
قولىدىن ئىش كەلمىسە بالدۇر ئەر دېمە.

## 296

ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى ھەر زامان چوڭ بىل،
كەچۈرگىن، كىشىلەر ئاغرىتسىمۇ دىل.
مىسال بار: «دىل ئازاردىن — خۇدامۇ بىزار»،
سەپرالىق ئۆمرۈڭدىن قىسقارتىدۇ يىل.

## 297

بۇ ئالەم رەڭۋازدۇر، بىلمەك بەكمۇ تەس،
يامانىنى ياقتۇرۇپ قىلىدۇ ھەۋەس.
ئىشەنمە ئۇنىڭدىن كەلمەيدۇ ۋاپا،
قارىماس ياخشىلار تۇرسىمۇ پەۋەس.

## 298

تەمسىل بار: «بىر پىلەك، چۈشەر مىڭ خەمەك»،
ۋە لېكىن ھەممىنىڭ تەملىرى بۆلەك.
ئىنسانمۇ بەئەينى شۇنىڭغا ئوخشاش،
بىرسىدۇر شەپقەتلىك، بىرسى تاش يۈرەك.

## 299

مىسال بار: بىر كەكلىك لاچىننى دوراپ،
شۇڭغۇدى پەستىكى ئۆردەككە قاراپ.
ئۆزىنى توختىتىپ چىنەپ سوقالماي،
چاپلاشتى پاتقاققا، كۆپ تارتتى ئازاب.

## 300

ھەر ئىشنى باشلاشتا قىل ئوبدان ئويلاپ،
يۈزۈڭنى تۆكىدۇ قىلغان ئىش دوراپ.
تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى كۈرەش دېمەكتۇر،
تەدبىرىڭ بولمىسا بولىسەن خاراب.

## 301

بىلىشچۈن ئۆگەنگىن، قىلغىن تەتقىقات،
ئېچىلسۇن كائىنات، پۈتۈن مەۋجۇدات.
ئىلىم - پەن دېمەكتۇر دۇنيانى بىلىش،
ئۆگەنسەڭ قاقسەن پەلەككە قانات!

## 302

بەزەنلەر دەيدۇكى: كوننىنى بىلىش —
بۇرۇنقى ئۆلۈكنىڭ بۇرنىدا تىنىش.
مەن دېدىم: ئۆتمىگەن بولسا شۇ ئۆلۈك،
نېسىپ بولارمىدى بىزگە تۆرىلىش.

## 303

ئەجرىدىن تىكەنلەر بولغۇسىدۇر گۈل،
پەرۋىش كۆرمىسە بوستان بولۇر چۆل.
تۇرمۇشتۇر مۇرەككەپ، «رىسالە»سى يوق،
تەۋەككۈل قىلمىساڭ، تاپالمايسەن يول.

## 304

ئاچ كۆزلۈك كېسەلدۇر، ئۆتەر ساقايماي،
يېسىمۇ بىلىنەر يۇرگەندەك تويماي.
كۆزنگە چېلىقسا گوياكى بىر بەز،
كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ قالدۇرۇپ قويماي.

## 305

چىمەنگە كەلدىكى سابا سەھەردە،
قىزىلگۈل يۈزىدىن كۆتۈردى پەردە.
دېدى گۈل: پىراقتىن بولدى يۈزۈم قان،
پېشانەم شۇنداقكەن، ماڭا نە چارە؟

## 306

ھاياتلىق كەينىدىن يەنە ئۆلۈم بار،
ئارىدا ئازغىنا ياشاش كۈنۈڭ بار.
ۋە لېكىن ئاگاھ بول پانىي جاھاندا —
بىر ياخشى كەينىدە بىردىن يامان بار.

## 307

مەنىۋى ئەمگەكتە پۇلنى كۆزلىمە،
چۈشەنمەس كىشىگە تولا سۆزلىمە.
نومۇس بىل خىسلەتسىز كىشىنى ماختاپ —
بولۇشنى ئۇياتسىز ئىككى يۈزلىمە.

## 308

بەزىگە ئادەتتۇر باشلىقنى قاساش،
چۈنكى بۇ كىشىگە نادانلىق قاراش.
ئۈنىڭكى قىلغىنى پۇقرالار ئۈچۈن،
كەتسە ئۇ كۆتۈرۈپ كەتمەيدۇ ئاداش.

## 309

يىرتقۇچلار ئۆتىدۇ نەپسىگە تويماي،
ئالدىغا كەلگەننى يۇتىدۇ قويماي.
يولۋاستىن ئاشقىنى بۆرە باتۇرنىڭ،
مۈشۈكلەر قاقشايدۇ پايدا تاپالماي.

## 310

يىگىتلىك بىر دەرەخ، كۆنلەردۇر ياپراق،
بۇزۇلسا دىيانەت، قۇرار يۈز ياپراق.
ئىبرەت ئال تارىختا ئۆتكەن شاھلاردىن،
شەھۋەتتە تۈگەشتى ئەجەلدىن پاتراق.

# 311

مال ـ دۇنيا ۋاپاسىز، بولما ئاق كۆڭۈل،
تاپقاننى مەھكەم تۇت، تۈگەتمە ئۇدۇل.
مىسال بار: «تاپتىم دەپ يەپلا تۈگەتمە،
يېگەندە ئۆردەكنى، غاز پېيىدە بول».

# 312

تىكەننىڭ دەردىنى كۆپ تارتىسمۇ غول،
ئېچىلدى دەردىنى بىلىندۈرمەي گۈل.
گەر كەلسە دەرد ـ ئەلەم بىلگىن ئېچىڭدە،
پەيتىنى تاپماستىن سۆزلىمە ئوغۇل.

# 313

ئەيلىگىن ئەقىلسىز ئادەمدىن ھەزەر،
ھەسەل دەپ بەرگىنى بولىدۇ زەھەر.
ئەزىزلەپ چوڭ قىلغان باللار سالماس —
ھەتتا ئاتا ـ ئانىنىڭ زارىغا نەزەر.

## 314

پەرزەنتنىڭ ئارىدا بولسا قارىسى،
قىلىدۇ پەدەرنى يۆرەك يارىسى.
غەيرەتكە كەلمىسە ئىچىدىن قايناپ،
تېپىلماس ھېچ يەردىن ئۇنىڭ چارىسى.

## 315

ئىنسانلار بولسىمۇ گەرچە ئەقىللىق،
مەۋجۇتتۇر ئۇنىڭدا رەڭگارەڭ قىلىق.
تالىلىغىن يولۇڭنى ئىبرەت ئىچىدىن،
بولغىن سەن ئەدەپلىك، گەپ سۆزۈڭ سىلىق.

## 316

بىچارە كىشىدۇر پەنگە سەل قاراپ،
تۇرغانلار تالادا ئىشىكنى ماراپ.
تۆگەيسەن يەنىلا ئۆگەنمەي يۈرسەڭ،
ئۆلگەندىن ماختىنىپ، تىرىكنى تىللاپ.

## 317

هەر كىشى يامانغا بولسا گەر ئامراق،
جەبرىلەر ئەمەستۇر ئۇنىڭغا يىراق.
مىسال بار: «بالاڭنىڭ ئويىنىشىغا باق»،
كېيىنكى پۇشايمان پايدىسىز بىراق.

## 318

ماختانسام ياشلىقتىن سۆيۈنەر دىلىم،
ئەپسۇسكى، جان دېگەن بىر ئېلىم - بېرىم.
مۆھلىتى توشقاندا بەرمەي نە ئىلاج،
يۈزۈمگە سىزنىقلىق تۇرسا هەر يىلىم.

## 319

كىشىدە بولسا گەر تىرىشىش، هەۋەس،
ئۇنىڭغا ئالەمدە ئەمەس هېچ ئىش تەس.
بىلىمى بولسىمۇ قىلالماس هېچ ئىش،
بولسا ئۇ تىرىشماس ياكى مەيپەرەس.

## 320

ئاقىللار ئىلىمگە قىلار ئىشتىياق،
نادانغا كۆرۈنەر بىلىم پەس بىراق.
بىلىملىك - بىلىمسىز تۇرسىمۇ يېقىن،
ۋە لېكىن ئارىلىق تولىمۇ يىراق.

## 321

تەقدىرىم بەختىمگە بەرمىدى ئىمكان،
قىلسامۇ ياخشىلىق، كۆرسەتتى يامان.
گەر يۈرسەم يولۇمنى لالما ئىت توسۇپ،
رەقىبلەر يۈرگەندە بولدى يول راۋان.

## 322

تۇغقان، ئەل - ئاغىنە بولدى ئىمتىھان،
ئىشلىرى چىققاندا دېدى قەدىردان.
ئېشىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولغاندا،
قېچىشتى ئىنىگە بولۇشۇپ چاشقان.

## 323

گەر قالسا ئەجدادتىن كىشىدەك يادىكار،
چوڭ بىلگىن قالغاندەك تۈمەن مىڭ دىنار.
ئەسلىسەم ئەجدادلار باسقان زېمىننى،
بولىمەن كۆرگەندەك ئۇلاردىن دىدار.

## 324

بولمىسا ئۇ ساگا ئىلگىرى تونۇش،
سىرتىدىن قاراپلا چاغلىمىغىن بوش.
گاھىدا كۆرۈمسىز ئاددىي ھەميانىدىن —
تۆكۈلۈپ گۆھەر تاش يوقىتىدۇ ھوش.

## 325

گەپ - سۆزدە سالماق بول، قىلغىن ئويلىنىپ،
ناماقۇل بولماق تەس بىچارە بولۇپ.
ناۋادا سۆز - چۆچەك تارقىلىپ كەتسە،
ئۆلۈمدىن ئېغىردۇر يورۇش ئويلىپ.

## 326

ئىتلارنىڭ قاۋىسا ـ قاۋايدۇ هامان،
توختىماي يۈرگۈچى ئالىدۇ هايان.
كىشىدە بولسا گەر جۈرئەت ـ شىجائەت،
كار كەلمەس بولسىمۇ رەقىبى يامان.

## 327

جاهاندا مەۋجۇتتۇر ئىككى خىل بايلىق،
بىرسىدۇر مەرىپەت، بىرسى پۇل ـ ماللىق.
تۈمەن مىڭ پۇل خەجلەپ ئالغىلى بولماس،
مەرىپەت بولغاچقا مىسلىسىز داڭلىق.

## 328

كىشى گەر يار ئۈچۈن تارتسا جاپانى،
ئۇنىڭكى ئورنىغا كۆرەر ۋاپانى.
ناۋادا دوستىغا بولمىسا سادىق،
كۆرەلمەس ئۇنىڭدىن كەلگەن سەفانى.

## 329

تىزىلغان رەڭدار تىل — گويا ئۇ مارجان،
كىشىنى جەلپ قىپ، سالۇر هاياجان.
تىلىڭنى زىننەتلەپ، گەر بەرسەڭ نەقىش،
سۆزلىرىڭ تېز قوبۇل بولۇر ھەرقاچان.

## 330

خاپىلىق تارتىشتىن سېنى توسقۇچى،
دوست كۆرۈپ ئۆزىگە يېقىن كۆرگۈچى.
ياماندۇر قانلىرىڭ قايناپ تۇرغاندا،
«قورقما» دەپ جېدەلگە رىغبەت قىلغۇچى.

## 331

قەلبىڭگە بەرمىسەڭ ئەگەر سەن زىننەت،
كىيسەڭمۇ ئېسىل تون، بەرمەيدۇ سۈپەت.
قاشتېشى بولغاچقا قېتىدىن سۈزۈك،
تۇرسىمۇ پاتقاقتا بولمايدۇ مەينەت.

## 332

بودىساڭ ھايۋاننى شەپقەتلەر قىلىپ،
شادلىقتىن ئۇ سېنى قويىدۇ تېپىپ.
ناداننى دوست بىلىپ قىلساڭ ياخشىلىق،
بىلمەيدۇ بىر تويسا ئۇنتۇلۇپ كېتىپ.

## 333

ئورۇنلاپ بېرىشكە كېچىككەن ۋەدە،
ئىشەنمە دېگەنلىك «قويدۇمكى نەدە».
ئۇ پەقەت بەزلەشچۈن ئېيتىلغان «ئەللەي»،
ۋە ياكى ئويناتقان يالغان بىر پەدە.

## 334

پېقىر ۋە مىسكىنگە بولمىغىن بېخىل،
ئۆمۈرنىڭ ئالدىدا ئالتۇندۇر شېغىل.
ئۆلگەندە سەدىقەڭ ساڭا بولۇر يار،
پۇل - مېلىڭ جېنىڭغا بولالماس كېپىل.

## 335

تۇرسىمۇ باغ ئىچرە نەپ بەرمەس بېخىل،
بېغىنى قاقاسلىق، ئۆنى نامرات بىل.
سېخىينىڭ مەقامى بولسىمۇ چۆلدە،
چىمەنزار، گۈلىستان، تېخى جەننەت بىل.

## 336

تىللىرىم بولدى لال ئەزەل ئىدى ساق،
سۆزلەشكە زورلىسام دېدى ئۇ: ياق، ياق.
سورىدىم: نە ئۈچۈن بولدۇڭ سەن كېكەچ،
دېدى ئۇ: ئارتۇق سۆز گالغا سىرتماق.

## 337

كۆردۈممەن كۆپلىگەن پۇتى ساق ئەرنى،
باسالماي كەتتى ئۇ خەيرلىك يەرنى.
تارىختا كۆپلىگەن پۇتسىز كىشىلەر —
ئۆرلىدى ئىگىلەپ ئەڭ ئېگىز يەرنى.

## 338

مۇشكۇل ئىش ھەل بولۇر ئاقىللار بىلەن،
سەييارە ماڭغاندەك ئۆز ئوقى بىلەن.
بۇزۇلۇر نادانغا تاپشۇرۇلغان ئىش،
بىلمىگەچ مېڭىشنى ئۆز يولى بىلەن.

## 339

ئىنساننىڭ خىسلىتى مۇنداق ئىككى خىل:
بىرسىدۇر سېخىيلىق، بىرسىدۇر بېخىل.
بېخىلدۇر شۇمبۇيا كۆكلەتمەيدىغان،
سېخىيدىن ھېچقاچان ئاغرىمايدۇ دىل.

## 340

«كىشىنى چاققۇچى ئۆزىنى چاقىدۇ،
ئۆزىنىڭ تېنىگە ئوتنى ياقىدۇ».
كىمكى كىشىنى چاقسا كىشىگە،
ۋىجدانى ئازابقا ئۆزى پاتىدۇ.

## 341

ئۆتكۈزدۇم دەپ بىلگىن ئەڭ ئېغىر گۇناھ،
كىشىنى پەس چاغلاپ كۆرسەڭ ئەگەر خار.
كىشىدە قالمايدۇ كىشىنىڭ قىلغىنى،
بۈگۈنى سەن قىلساڭ، ئەتە ساڭا بار.

## 342

ئەقىلنىڭ مېۋىسى سانىلۇر ھۈنەر،
ھۈنەردىن كىشىگە مال - دۇنيا ئۈنەر.
ئوغلۇڭغا كۆيۈنسەڭ قويما ھۈنەرسىز،
بىلىمسىز كىشىلەر سارغىيىپ ئۆتەر.

## 343

ئالىم ۋە ھۈنەرۋەن پاراسەتتە تەڭ،
ئەقىل ۋە ئىدراكى باشقىلاردىن كەڭ.
ھۈنەرسىز، بىلىمسىز كىشىدۇر كارسىز،
ھەر ماكان، ھەر جايدا بىچارىدۇر ئەڭ.

## 344

ئەقىلدۇر — مال - مۈلۈك بايلىقتىن ياخشى،
ئەقىللىك — ئىلىم - پەن ئۆگەنگەن ياخشى.
ئەقىلسىز كىشىدە تۇرمايدۇ بايلىق،
پۇلنىمۇ بىلگەنلەر باشقۇرغان ياخشى.

## 345

ئەخلاقسىز — ئەخلاقنى ئۆگەتكۈچىدۇر،
چۈنكى ئۇ يامان ئىش كۆرسەتكۈچىدۇر؛
كىشىنى ئۆزىدىن نەپرەتلەندۈرۈپ،
ئەكسىچە ياخشى خۇي تىكلەتكۈچىدۇر.

## 346

ئەدەپتۇر ئەقىلنىڭ شەكلى، سۈرىتى،
بىلىمدۇر مال-مۈلۈك، بايلىق شۆھرىتى.
پۇل - مىلىك كۆپ بولۇپ، ئەقىل بولمىسا،
تۆت كۈندە تۈگەيدۇ كەلسە مۆرىتى.

## 347

كىشىگە چاقچاق دەپ قوپال سۆزلىمە،
ئۆزگىگە ھۆرمەت قىل، تۆۋەن كۆزلىمە.
چاقچاقتىن ھېچقاچان ياخشى سۆز چىقماس،
بولمىغىن كىشىگە ئىككى يۈزلىمە.

## 348

جەبرىسى كۆپ ئىشنىڭ پايدىسىمۇ كۆپ،
جاپاسىز ھېچ كىشى بەرمەيدۇ تۆكۈپ.
تەييارغا ھەييارلىق ئىنسانغا نومۇس،
قالمىغىن ئاتاڭنىڭ پۇلىغا كۆنۈپ.

## 349

نەپسىڭگە بېرىلمە، قىلغىن قانائەت،
مېھماننى قىزغىن كۈت، قىزغانما پەقەت.
ئاچ كۆز ۋە تەمەخور بولسا ھەر كىشى،
يوق دېگىن ئۇنىڭدا ئادىمي سۈپەت.

## 350

ئەجدادتىن قېپقالسا قىممەتلىك مىراس،
ئاددىيسى بىر هاسا يا ئەسكى پالاس.
نېمىلا قالدۇرسا گۆھەر دەپ بىلگىن،
تەۋەررۇك دەپ ئۇنى ئېگىز يەرگە ئاس.

## 351

نادانىنىڭ قاياشى نادان بولىدۇ،
ئىش - ھەرىكەت، قىلىقى يامان بولىدۇ.
ياخشى يولغا كۆنمەس جاھىللىق قىلىپ،
جەبىردىن تۇرمۇشى ۋەيران بولىدۇ.

## 352

بىلىمدۇر ئەقىلنى يورۇتقۇچ چىراغ،
قوزغايدۇ كىشىدە ئارزۇ - ئىشتىياق.
نادانلىق گوياكى پۈتتىكى كىشەن،
ئاقسىتىپ ھەر ئىشتا قالدۇرار يىراق.

## 353

يامانىي بىلسەممۇ، لېكىن سۆكمەيمەن،
ياخشى دەپ كىشىگە سىرنى تۆكمەيمەن.
تىللامدۇ، ماختامدۇ پەرۋايىم پەلەك،
ئاشكارا ياشايمەن، مۆكۈپ ئۆتمەيمەن.

## 354

تېنىم ساق، ئىچمەيمەن ياكى چەكمەيمەن،
مۇئەككەل ئىشىمدىن نېرى كەتمەيمەن.
يازغانىنىڭ ھەممىسى رېئال ئىشلاردۇر،
كۆرمىگەن نەرسىنى مەنمۇ پۈتمەيمەن.

## 355

ئۆتكۈزمە كۈنۈڭنى لاغايلاپ يۈرۈپ،
بىكار كۈن ھېسابتۇر كەتكەنگە ئۆلۈپ.
ھايات چېغىڭدا قالدۇرغىن نىشان،
ئەۋلادىڭ سېغىنسۇن ئىزىڭنى كۆرۈپ.

## 356

بالاڭغا كۆيۈنسەڭ، مەجبۇرىي ئوقۇت،
ئۆزىنى، ئۆزگىنى، دۇنيانى تونۇت.
بىلىمگە تولدۇرۇپ ئۇنىڭ ئەقلىنى،
ياشاشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ يورۇت.

## 357

باللىرىڭ بولسىمۇ گويا يورۇق ئاي،
ئەخلاقى بولمىسا باققىنىڭغا ۋاي.
كىچىكتىن باشلاپلا ئۇنى چەكلەپ تۇر،
باشقۇرغىن قاراڭغۇ يولغا ماڭدۇرماي.

## 358

ماختىسا ئالدىنىپ دوستۇم دەپ بىلىپ،
تۈيۈقسىز يولۇڭدا كەتمە تېيىلىپ.
دۈشمەننىڭ ھىيلىسى كىشىنى ماختاش،
چاقمىسۇن بىر كۈنى ئېپىنى تېپىپ.

## 359

گەرچە سەن بولساڭمۇ پۇل - مېلى كۆپ باي،
ھەددىڭدىن ئاشماستىن بولغىن ھاتەمتاي.
بايلىقتۇر كىشىگە ۋاپاسىز ئۆلپەت،
دۈشمەننى كۆپەيتمە، دوستنى ياراتماي.

## 360

دۈشمەنگە ئۆزۈڭنى زەئىپ كۆرسەتمە،
يولى يوق بىچارە، غېرىب كۆرسەتمە.
مەغرۇر يۈر رەقىبنى چەيلەيدىغاندەك،
ھەر ئىشنى دىلدا بىل، ئېچىپ كۆرسەتمە.

## 361

ئايالدۇر ئەڭ شېرىن، گۈزەل ھۇما قۇش،
ھۇزۇرى كىشىنى قىلىدۇ بىھوش.
ياخشىسى ئاتىلۇر گۈزەل پەرىشتە،
بۇزۇقى ئەسكى تام - ئۇينايدۇ ھۇۋقۇش.

## 362

غالجىر ئىت ئالدىغا تاشلاپ بەرسەڭ نان،
يەپ بولۇپ قاۋايدۇ چىشلەشچۈن شۇ ئان.
ئۆزۈڭدىن باشقىغا ئاسان ئىشەنمە،
بەزىلەر دەل شۇ ئىت تونۇمايدىغان.

## 363

چىرىكلىك دۆلەتچۈن ئەڭ چوڭ زىياندۇر،
زۆرۈردۇر پاش قىلىپ ئۇنى جازالاش.
بىلىسمۇ يۈز قاراپ جازالىماسلىق —
باراۋەر دۈشمەننى قىلغانغا ھاپاش.

## 364

ئەرزىمەس ئىشلارغا ئارتۇق ئارىلاشما،
بىلسەڭمۇ بىلدىم دەپ گەپ - سۆز تالاشما.
تولا گەپ ھەركىمنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن،
جىدەل بار توپتىن قاچ، بەك يېقىنلاشما.

## 365

قېرىلىق نىشانى ئەمەس ئۆلگەنلىك،
چاچ - ساقال ئاقىرىش كۆپنى كۆرگەنلىك.
ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا ياش - قېرىسى يوق،
ئۆلگەنگە باراۋەر بىكار يۈرگەنلىك.

## 366

ياخشىلىق قىلغانغا قىلىش يامانلىق —
تۇزكورلۇق، ھەددىدىن ئاشقان نادانلىق.
ئىنسابلىق كىشلەر ئەلگە بولۇر باش،
ياخشى ئىش قىلغانلار بولۇر يارامىلىق.

## 367

پەزىلەت كىشىدە كىيىمدىن ئەمەس،
كىيىمدىن كىشىگە باھا بەرمەك تەس.
ئەجدادىم، دوستلىرىم دېھقانلا تۇرسا،
غادىيىپ يۈرۈشۈم ئەقىلدىن ئەمەس.

## 368

غەمخانىم بار دېگىن بولسا قېرىنداش،
ئاداۋەت قىلمايدۇ يۇڭداشسىمۇ چاچ.
بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ يىقىلىپ قالساڭ،
بالاڭنى كۆتمەستىن قىلىدۇ ھاپاش.

## 369

ئوغۇل - قىز پەرزەنتنى كۆز نۇرۇم دەپ بىل،
ئوقۇتۇپ بىلىملىك، ئەدەپلىك چوڭ قىل.
كۆيسەڭمۇ كۆيگەننى ئىچىڭدە بىلگىن،
ئەركىلەپ چوڭ بولسا چىقار بىئەقىل.

## 370

سۆز يۇمشاق، شېكەردەك بولسا ئۇ تاتلىق،
چوڭ - كىچىك قوللايدۇ قىلىپ ئورتاقلىق.
ئورۇنسىز سۆزلەردۇر گوياكى جاڭگال،
كۆرۈنەر كىشىگە بولۇپ يانتاقلىق.

## 371

بىلىپ سۆزلە سۆزنى، مەنە تۈز بولسۇن،
كۆرمەسلەر ئاڭلىسا كۆرەر كۆز بولسۇن.
سۆزنى دانادىن ئاڭلاپ، بىلىمسىزگە ئېيت،
قارىغۇغا كۆرسەتكۈچ ماڭار يول بولسۇن.

## 372

سۆزلەشتىن بۇرۇن سۆز ئالتۇن ئاتىلۇر،
ئېغىزدىن چىقىپلا مىسقا ئايلىنۇر.
سورىماستىن ئاۋۋال سۆزلىگەن ئادەم،
بەلكى ئۇ قاۋىغان ئىتقا ئايلىنۇر.

## 373

سۆز دېگەن ئوخشايدۇ تۆگە بۇرنىغا،
يېتىلىسە ئاپىرار دېگەن ئورنىغا.
ئورۇنسىز سۆز سۆزلەش كەلتۈرۈر زىيان،
سۆزلەشنى بىلگەندە ماڭار پايدىغا.

## 374

سۆزنى سۆزلىمسەڭ بولار ساڭا قۇل،
ئەگەر سۆزلەپ قويساڭ سېنى قىلۇر قۇل.
كۆپ سۆزلەپ كۆڭۈلەردە كەتكۈزۈپ قويساڭ،
تولا گەپ يۈزۈڭنى قىلۇر ئىككى پۇل.

## 375

قەدىر ۋە قىممەتلەر ئىدراك ئۈچۈندۇر،
ئەقىل ۋە ئىدراكسىز بىر ئوچۇم لايدۇر.
بىلىملىك كىشىلەر بولسىمۇ يوقسۇل،
لېكىن ئۇ ھەممىدىن ـ ھەممىدىن بايدۇر.

## 376

ئالىم دەپ زىيالىي، موللا ئاتىلۇر،
ئەقىلسىز قارامىلار نادان ئاتىلۇر.
ياخشى ۋە يامانىنى پەرق ئېتىپ تۇرۇپ،
ئويلىماي ئىش قىلغان ھايۋان ئاتىلۇر.

## 377

شائىرلار كىشىنى ماختاپ ـ سۆككۈچى،
تىل بىلەن رەڭگارەڭ زۇمرەت تۆككۈچى.
ئۆتكۈر تىل، تەپەككۇر، نازۇك يول بىلەن،
شەيئىنى شەرھلەپ پۈتۈپ ئۆتكۈچى.

## 378

مال ـ دۇنيا تۇزلۇق سۇ — شورغا ئوخشايدۇ،
ئىچكەنچە ئۇسسايدۇ، كىشى قانمايدۇ.
ئىنسانغا بايلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش،
خەزىنە توشسىمۇ، كۆزى تويمايدۇ.

## 379

ياسىداق سارايىنى بۇزغۇچى ئۆلۈم،
يىغىلغان بايلىقنى چاچقۇچى ئۆلۈم.
قورقساڭ سەن ئۆلۈمدىن ياخشى نام قالدۇر،
ياخشىلىق مەڭگۈدۇر، ئاڭا يوق ئۆلۈم.

## 380

بىر ئانا باقىدۇ ئون بالىسىنى،
ئون بالا باقالماس بىر ئانىسىنى.
ئادەمنىڭ ئالىسى بولغاچ ئىچىدە،
بىلمەك تەس بالىنىڭ ئاق ـ قارىسىنى.

## 381

تىل گويا ئىشكتە ياتقان ئارسلان،
ئېھتىيات قىلمىسا باشنى يەيدىغان.
گەپ ـ سۆزدە دىققەت قىل، قىلغىن ئېھتىيات،
كەم سۆزلە، ئىش تولا سەن بىلمەيدىغان.

## 382

بىرەرسى سىڭدۇرسە سەن ئۈچۈن ئەمگەك،
ئۇنتۇلماي قايتۇرغىن ياتماي ئۆلۈكتەك.
ياخشىغا ياخشى بول، يامانغا يامان،
ياشىغىن ياشىساڭ ياشا تىرىكتەك.

## 383

كىشىنى بۇزىدۇ ھاۋايى ـ ھەۋەس،
بىرىلسەڭ ئۇنىڭغا يۈزلۈك بولۇر پەس.
ئۆزلۈكنى تۇتۇۋال ئىشقى ھەۋەستىن،
بولمىسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلمىقىڭ تەس.

## 384

ئەقىلسىز كىشىدە يوق تەدبىر ـ چارە،
خالايىق ئاتىشۇر ئۇنى بىچارە.
بىلمىگەچ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى،
ئۆتىدۇ كۆڭلىرى بولۇپ ئاۋارە.

## 385

ياشلىقتۇر ھەممىنىڭ باتۇرلۇق دەۋرى،
كەلسىمۇ قورقمايدۇ ئوت ـ ئاتەش جەبرى.
كەتكەندە قەدرىگە يېتىدۇ كىشى،
ئۇ چاغدا كېلىدۇ قېرىلىق دەۋرى.

## 386

ئەزىزنىڭ ئەزىزى سىنىڭكى جىنىڭ،
ئۆلگەندە ئەسقاتماس تاپقان پۇل - مىلىڭ.
پۇل كەتسە كەتسۇنكى، ئۆزۈڭنى ئاسرا،
پۇل دىگەن تىپىلۇر ساق بولسا تىنىڭ.

## 387

ئادەمنىڭ ھەممىسى ئىپىل - بۇيۇكتۇر،
پەقەتلا بىلىمدە ئۇلار تاللىنۇر.
ئىنسانىنىڭ قىممىتى ئىدراكتا بولغاچ،
بىلىملىك كىشىلەر شۆھرەتلىك بولۇر.

## 388

تىرىشقان ھامىنى تىلەككە يىتەر،
ئارزۇغا يىتىشچۈن سەرمايە كىتەر.
ساغلاملىق ئۇمىدنىڭ دەسمايىسىدۇر،
ئەھمىيەت بەرمىسە كۈتكىنى كىتەر.

## 389

پاراسەت قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەل،
دىلدىكى زۇلمەتنى يورۇتار تۈگەل.
نادانلىق دىلدىكى قاراڭغۇ زۇلمەت،
يورۇتماقچى بولساڭ بىلىم ئال ئەۋۋەل.

## 390

مىسال بار: «تاغامدىن تاغار ياخشىدۇر،
هامامدىن گوياكى باداڭ ياخشىدۇر».
مەنىسى روشەنكى بۇ بىر تەمسىلنىڭ،
تۇغقانغا، هەممىگە بەرگەن ياخشىدۇر.

## 391

ئادەمنىڭ تىللىرى پۇلدا باغلىنۇر،
پۇل بولسا دۈشمەنمۇ دوستقا ئايلىنۇر.
گاهىدا يېقىن دوست ـ يارەنلەر ئارا —
پۇل ئۈچۈن ئاداۋەت مەڭگۈ ساقلىنۇر.

## 392

كىم ياخشى، كىم يامان، ئۇنى كۆزەتكىن،
ياخشىلىق نام بىلەن دىلنى بېزەتكىن.
ئىشەنگەن كىشىڭنى ئەينەك قىپ تۇرۇپ،
ئۆزۈڭدە يېتەرسىز جايىنى تۈزەتكىن.

## 393

باشقا كۈن چۈشكەندە بەرگۈچى بىر نان،
نان ئەمەس، بىلگىنسەن بەلكى ئۇنى جان.
ياخشىلىق قىلغاننى خىزىر دەپ بىلگىن،
تۇزكورلۇق كىشىگە ھەممىدىن يامان.

## 394

غەزەپتە كىشىدىن كېتىدۇ ئەقىل،
قەھرلىك كىشىنى بەلكى ساراڭ بىل.
ئاچچىقتىن قىلغان ئىش بېشىغا چىقىپ،
پۇشايمان قىلغاندا تۇتۇلىدۇ تىل.

## 395

«ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينىدۇر تىكەن»،
بۇ سۆزنى كونىلار بىز ئۈچۈن دېگەن.
يۈزۈڭدە ماختىسا راستىمىكىن دېمە،
ئەڭ ئاۋۋال غاجايدۇ نېنىڭنى يېگەن.

## 396

يۈزۈمدە ماختىغان كىشىلەر بەك كۆپ،
ۋە لېكىن يوق يەردە يۈرىدۇ سۆكۈپ.
كۈلدۈمەن ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا،
نە ئۈچۈن ئاشكارا دېمەيدۇ مۆكۈپ.

## 397

يالغانچى، كاززاپقا بولغىنسەن بېخىل،
ناتونۇش كىشىگە بولمىغىن كېپىل.
كېيىننى كۆزلىمەي، بىخەستە بولۇش —
دېگەنلىك ئۆزۈڭنى كۆۋرۈككە سېپىل.

## 398

غەزەپكە كەلتۈرسەڭ قاپاق تۈرمىگەن،
نەرسىنى سېنىڭدىن ئۈستۈن كۆرمىگەن؛
مانا بۇ ھەقىقىي ئاتىلۇر چىن دوست،
نادانلۇر ئەزىزلەپ جاندەك كۆرمىگەن.

## 399

دوستلىرىم كۆپ ئىدى ياشلىق چېغىمدا،
قېرىدىم، ئەمدى يوق بىرسى يېنىمدا.
دوست دېگەن قىسقىسى شۇنچىلىك نەرسە،
نەپ تەگسە پەرۋانە بولۇر قېشىڭدا.

## 400

ئاتا ۋە ئانىغا قىلغۇچى تۆھمەت،
كۆرمەيدۇ ئۆزىگە ئوبدان ئاقىۋەت.
ئاتاڭغا سەن قىلساڭ، بالاڭ ياندۇرار،
توۋا قىل، گۇناھىڭ بولغاي مەغپىرەت.

## 401

ئادەمنىڭ ھۆرمىتى بايلىقتىن ئەمەس،
ئەقىللىك كىشىلەر بىلىش تەس ئەمەس.
ئۆزۈڭنى پاك تۇتقىن، بولغىن ئاق كۆڭۈل،
ئۇنىڭدا ھۆرمىتىڭ ئاشىدۇ پەۋەس.

## 402

موھتاجلىق كىشىگە ئۇ ئاسان ئەمەس،
دېڭىزنى تىنىدۇرۇپ تاغ كەسمەكتىن تەس.
موھتاجلىق تۈرى كۆپ، ھەر خىل بولىدۇ،
توققۇزى تەل كىشى كۆرۈلگەن ئەمەس.

## 403

غوجايىن ھەسەتخور، بولسا ئىچى تار،
جان سېلىپ بەرسەڭمۇ قىلىدۇ ئىنكار.
بەزىسى ئۆزىدىن بىلىملىكلەرنى —
كۆكلەتمەي ئىشىدىن قىلىدۇ بىكار.

## 404

ياخشىلىق قىلىشنىڭ مىللەت چېكى يوق،
بولسىلا بىچارە رەھىم قىلغۇلۇق.
دۇنيادا ئىنسانىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش،
بىرسىدۇر شاد ـ خۇرام، بىرسى قايغۇلۇق.

## 405

يامانىنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىق كۈنى،
بولىدۇ ئەتىسى ئۆكۈنگەن كۈنى.
ياخشىنىڭ بۈگۈنكى قايغۇلۇق كۈنى —
كېيىنكى شادلىققا ئۇل باسقان كۈنى.

## 406

بىلىمدۇر زېمىننىڭ يورۇق يۇلتۇزى،
يورۇتار زۇلمەتنى كېچە ـ كۈندۈزى.
بىلىمسىز كىشىدۇر بەلكى ئۇ بايقۇش،
تۇرسىمۇ يورۇقتا كۆرمەيدۇ كۆزى.

## 407

ئىدراكلىق بولىدۇ بىلىم ئالغۇچى،
بىلىمدۇر ئىنسانغا بەخت ئاچقۇچى.
بىلىمسىز كىشىلەر گويا قارىغۇ،
تۇز يولغا باشلىسا كىرمەي قاچقۇچى.

## 408

ھۆرمەت قىل ھەرقانداق سىياسىيونغا،
خىلاپلىق قىلمىغىن زىنھار قانۇنغا.
يازغىنىڭ، پۈتكىنىڭ قانۇنلۇق بولسۇن،
ئېرىشسۇن ئىشلىرىڭ ياخشى باھاغا.

## 409

بەزىلەر خۇشتاردۇر ئەيىب تېپىشقا،
رايى يوق قولىغا كىتاب ئېلىشقا.
ياراتماي ھەممىنى تىللاپ چىقىدۇ،
ئالدىراپ يۈرىدۇ قورساق بېقىشقا.

## 410

بىلىمگە قىلمىغىن مۇتلەق قانائەت،
ئۆگەنسەڭ تېپىلۇر ئەقىل - پاراسەت.
چېكىنمەي ئۆگەنسەڭ ياشلىق چېغىڭدا،
قېرىلىق چاغلىرىڭ ئۆتەر پاراغەت.

## 411

دۇنيادا نۇقسانسىز كىشى ئۆتمىگەن،
كىتابى بارلارنىڭ نامى ئۆچمىگەن.
ئەقىلنىڭ بار - يوقى ئوقۇشتىن ئەمەس،
ئەھمەد يۈكنەكىمۇ مەكتەپ كۆرمىگەن.

## 412

بىلىمىم بار دېسەڭ كىتابىڭ قالسۇن،
بىلمىگەنلەر ئوقۇپ ئىلھاملار ئالسۇن.
بالاڭنى قاچۇرماي مەكتەپكە بەرگىن،
ئىز بېسىپ ئەجدادقا قەلەمنى ئالسۇن.

## 413

بىلىمنىڭ مەنزىلى تولىمۇ يىراق،
بوش كەلسەڭ يەتمىكىڭ قىيىندۇر بىراق.
قەلەم تۇتقىنىمغا بولدى يەتمىش يىل،
بىلىمدىن يەنىلا خېلىلا يىراق.

## 414

ئىتتىپاق ئۆتۈشنى ئالىي ئەخلاق بىل،
قانداق مىللەت بولسۇن ئۆز ئادەم دەپ بىل.
دۇنيادا سەرگەردان يۈرگەن ئاز ئەمەس،
ئۆزلىشىپ قالىسەن ئۆتۈپ ئايلار - يىل.

## 415

خەتەردۇر ياشلارغا گەپ ئاڭلىماسلىق،
ياماندىن ماختىنىپ، جان ئايىماسلىق.
ياخشى ۋە يامانىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ،
ئۇنىڭدىن كېچىشكە بەل باغلىماسلىق.

## 416

زىناخور، قىمارۋاز، بەڭگى، هاراقكەش،
ئۆتىدۇ كۈنلىرى بولۇپ يالاقكەش.
يۈرىكى كۆيىدۇ پۇلنىڭ دەردىدە،
ئۆلارنىڭ ئۆلپىتى بوتكا، قاۋاقكەش.

## 417

يامانىنىڭ كەينىدىن قىلمىغىن غەيۋەت،
ئۆچىنى ئالىدۇ تاپسىلا پۇرسەت.
خۇشامەت قىلساڭ قىل، چىشىغا تەگمە،
كەلتۈرۈپ قويمىسۇن يامان ئاقىۋەت.

## 418

قىلمەن كۈنۈمگە شۈكۈر - قانائەت،
دەردىم يوق كىشىگە ئېيتقۇدەك پەقەت.
قېرىغان بولسامۇ، قەلەم تېخى ياش،
بۇ ماڭا يېزىشقا ئەڭ ياخشى پۇرسەت.

## 419

مەيپەرەس كىشىگە خىزمەت تاپشۇرما،
سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ئىچنى پۇشۇرما.
ئۇنىڭدىن گوياكى لالما ئىت ياخشى،
چەكلەپ تۇر، ھەددىدىن زادى ئاشۇرما.

## 420

بالاڭنىڭ قېشىدا يالغان گەپ قىلما،
قىلساڭمۇ راستتەك قىل، ئاڭا چاندۇرما.
بىلسە ئۇ سېنىڭدىن ئالىدۇ ئۈرنەك،
سۆزۈڭگە كىرمەيدۇ، دېگەنگە تويما.

## 421

ياشانغان چاغدىكى قىلىنغان كەيپ،
كۆرۈنەر كىشىگە بولۇر ئۇ ئەيىب.
ئىشى ھەم يېشىغا كەلمىسە لايىق،
سانىلۇر يۈرگەنگە يۈزىنى سېتىپ.

## 422

بالاڭنى شارابتىن كىچىكىدىن توس،
ياماندىن سەسكەندۈر، قىلسۇن ئۇ نومۇس.
كۆپەيسە ئەخلاقلىق، بىلىملىك كىشى،
سەن ئەمەس، خۇش بولۇر مەھەللە - ئۇلۇس.

## 423

ياشلىقتۇر ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل دەۋرى،
بىللىدۇر ئۇنىڭغا راھەت ۋە جەبرى.
قېرىلىق — ئاجىزلىق، بىچارىلىكتۇر،
تۈگىگەچ ئۇنىڭكى ساغلاملىق دەۋرى.

## 424

ياشلىقتا ئۆتىمىز ئۇنى - بۇنى دەپ،
قېرىلىق ئۆتىدۇ پەرزەنت غېمى يەپ.
ھەيرانمەن بالىلار چوڭ بولۇۋالسا،
نە ئۈچۈن بىلمەيدۇ باققاننى ئەجەب.

## 425

رەقىبنى سەل كۆرۈپ چاغلىمىغىن پەس،
كۆزنى كور قىلىدۇ كىچىككىنە خەس.
يوقىتىپ ھوشيارلىق، بىپەرۋا يۈرسەڭ،
بولسىمۇ ئۇ كىچىك، يېڭەلىشىڭ تەس.

## 426

دۈشمىنىڭ چوڭ بولسا، ئۇنى كىچىك بىل،
ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن كۈچ - قۇۋۋەتلىك بىل.
كۈرەشتە يېڭىلىش ۋە ياكى يېڭىش —
تەدبىرىڭگە باغلىق، ئۇنى تەھلىل قىل.

## 427

ئۆزۈڭنى دۈشمەنگە چوڭ قىلىپ كۆرسەت،
بەرمىگىن ئۇنىڭغا ھۇجۇمغا پۇرسەت.
ئىشەنمە ئۇنىڭكى ھىيلە - مىكرىگە،
روھلۇق يۈر، ئۆزۈڭنى غەيرەتلىك كۆرسەت.

## 428

دۈشمەننىڭ مىكرىگە ئالدىنىپ قالما،
كۆرسەتكەن نەيرەڭگە باغلىنىپ قالما.
مەسلىھەت كۆرسەتسە ئاڭلاپلا قويغىن،
پايدىلىق دەپ بىلىپ قوبۇل قىپ قالما.

## 429

دۈشمەننىڭ ئۆيىدە ئىچمىگىن شاراب،
سەتەڭنى كەلتۈرسە قويمىغىن قاراپ.
سەن ئەگەر يوپۇشساڭ ئۇنىڭ مىكرىگە،
خەتەرلەر يېنىڭدا تۇرىدۇ ماراپ.

## 430

ياماندىن ھەرقاچان ئېھتىيات قىلغىن،
قولىدىن تۇز - تائام، سۇمۇ ئىچمىگىن.
بارغان - تۇرغان جايىنىڭ راستىنى دېمە،
خىلۋەتتە ھەمراھسىز يالغۇز يۈرمىگىن.

## 431

کېچىسى يول يۈرۈش بەكلا خەتەرلىك،
چۈنكى دۈشمەن سەندىن دائىم خەۋەرلىك.
ناۋادا خىلۋەتتە ئۇچرىشىپ قالساڭ،
قىلمايدۇ دېمەك تەس ئۇنى زەھەرلىك.

## 432

دۈشمەننى سەل كۆرگەن مەغرۇر بولىدۇ،
چۈنكى كۆڭلىدە ئۇ ئاجىز كۆرىدۇ.
تۇمشۇقى ئىلىنىپ قالغاندا شاخقا،
تۆگىدەك چاشقانغا ئەسىر بولىدۇ.

## 433

يىراقتىكى دۈشمەن بولسىمۇ ھەيۋەت،
يېڭىسەن بولسىلا سېنىڭدە غەيرەت.
يېنىڭدىكى دۈشمەن بولسىمۇ ئاجىز،
ھالىڭنى بىلگەچكە بەرمىگىن پۇرسەت.

## 434

دۈشمەندىن ھوشيار بول، بەك ئېھتىيات قىل،
دوستۇڭنى قوينۇڭدا تۇرغان يىلان بىل.
دۈشمىنىڭ ھالىڭنى بىلمەكلىكى تەس،
دوستۇڭ بولسا دۈشمەن، تۆگەشتىم دەپ بىل.

## 435

مۇناپىق كىشىگە يېقىن بولمىغىن،
يالماۋۇز كەلسىمۇ قورقۇپ قالمىغىن.
ئەجدىھادىن قورقما، سۇخەنچىدىن قورق،
سۆز قىلساڭ دىققەت قىل، بىخۇد بولمىغىن.

## 436

ئالىملار ۋە يەنە ئوقۇتقۇچىلار،
ئىلىمنىڭ قەدرىنى تونۇتقۇچىلار.
ئەل ئۈچۈن ياردەمچى، يۆلەنچۈك بولۇپ،
خەلققە ئادالەت يورۇتقۇچىلار.

## 437

ئەدەپسىز كىشىدە ئابرۇي بولمايدۇ،
بەتخۇيلۇق قىلمىشلار يۈزنى قويمايدۇ.
قائىدە بىلمىگەن ئەقىلسىز كىشى —
بۇرنىغا يېسىمۇ يەنە تويمايدۇ.

## 438

ئېيتمىغىن سىرىڭنى، سىرداش ئۆزگىدۇر،
تۆكمىگىن مۇڭۇڭنى، مۇڭداش ئۆزگىدۇر.
سەپەرداش بولمىغىن نائەھلى بىلەن،
كۈتمىگىن دۆيۈزنى، يولداش ئۆزگىدۇر.



**图书在版编目（CIP）数据**

柔巴依集 ：维吾尔文 / 买买提·吾斯曼著. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2013.10
ISBN 978-7-5373-2557-8

Ⅰ. ①柔… Ⅱ. ①买… Ⅲ. ①诗集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第250558号

责任编辑：**齐曼古丽·阿吾提**
责任校对：**热孜玩古丽·阿布来提**

# 柔巴依集

| | | |
|---|---|---|
| 作 | 者 | 买买提·吾斯曼 |
| 出 | 版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电 | 话 | 0998 — 2653927 |
| 地 | 址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮 | 编 | 844000 |
| 发 | 行 | 新疆新华书店 |
| 印 | 刷 | 喀什维吾尔文出版社彩印厂 |
| 开 | 本 | 880 毫米 × 1230 毫米 1/32 |
| 印 | 张 | 4.625 |
| 版 | 次 | 2014 年 2 月第 1 版 |
| 印 | 次 | 2014 年 2 月第 1 次印刷 |
| 定 | 价 | 15.00 元 |

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىبجان غۇلام

ISBN 978-7-5373-2557-8

9 787537 325578 >

定价：15.00元